بسم الله الرحمن الرحيم



﴿فَاللَّهُ خَيْرٌ حَافِظًا وَهُوَ أَرْحَمُ الرَّاحِمِينَ﴾

﴿ئاللاھ ياخشى ساقلىغۇچىدۇر، ھەممىدىن مېھرىبانىدۇر﴾

(12 ـ سۈرە / يۇسۇف 64 ـ ئايەت)

# ئۈرۈمچى شەھىرى ئىسلام دىنى ئىشلىرى يېتەكچىسى

## 2014 ـ يىللىق 11 ـ سان (ئومۇمىي 11 ـ سان)

**نەشر قىلغۇچى ئورۇن:** ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى

**مەسلىھەتچى:** پەرھات سەلەي

**باش مۇھەررىر:** يالقۇن ئىسمائىل

**مۇھەررىرلەر:** مۇختەرەم شېرىپ داموللا ھاجى، ئابدۇشۈكۈر رەھمىتۇللاھ دامولla ھاجى، ئابدۇراخمان ئابدۇقادىر

**تەكلىپلىك مۇھەررىر:** مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

**تەكلىپلىك كوررېكتور:** ئارزۇگۈل كېرىم

**بەت ياسىغۇچى:** ئابدۇللا مەتتۇرسۇن

**تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:**

مۇختەرەم شېرىپ دامولla ھاجى، ئابدۇشۈكۈر دامولla ھاجى، نۇرمۇھەممەد دامولla ھاجى، ئابدۇكېرەم دامولla ھاجى، ئابدۇۋاھاپ دامولla ھاجى، ئابدۇرېھىم دامولla ھاجى، تۇرسۇنجان مەسۇم دامولla ھاجى، نەسىردىن دامولla ھاجى، ئابدۇرەئۇپ دامولla ھاجى، مەسئۇد دامولla ھاجى، مۇھەممەدئىمىن ئاتاۋۇللا دامولla، تاشتۆمۈر ئابدۇقادىر دامولla، ئابدۇللاھ ئابدۇراھمان دامولla، ئابدۇراھمان مۇھەممەد دامولla، تۇرسۇن ئەينۇددىن دامولla، مۇھەممەدئىمىن خۇدابەردى دامولla، ئوسمان ساۋۇت دامولla، ياقۇپ ئۆمەر، پەرھات سەلەي، يالقۇن ئىسمائىل

# كىرىش سۆز

ۋەز ئېيتىش — ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈشتە قوللىنىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئەنئەنىسى: ئىمام-خاتىپلار ھەر جۈمە ۋە ھېيت-ئايەم كۈنلىرىدە جامائەتكە «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»لەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، كەڭ ئېتىقادچى ئاممىغا دىنىي ئەقىدە نەزەرىيەلىرى، فىقھى مەسىلىلىرى، ئىبادەت قائىدە-ئەھكاملىرى، ئەخلاق مىزانلىرى، مەدەنىيەت مىراسلىرى، پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان ئەھمىيىتى زور ۋاسىتىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى شەھىرىمىزدىكى ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئەت ئەزالىرىنى تەشكىللەپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ناماز ۋاقىتلىرى ۋە جۈمە كۈنى سۆزلىنىدىغان ۋەز-تەبلىغ مەزمۇنىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدىغان مەزكۇر «ئايلىق» ماتېرىيالنى ئىماملارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۈزۈپ چىقتى. بۇ ماتېرىيالدىكى ئايەتلەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى «قۇرئان كەرىم» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2012-يىلى 8-ئاي 1-نەشرىگە ئاساسەن ئېلىندى. ئىماملىرىمىز نويابىر ئېيىدىكى جۈمە كۈنلىرى چوقۇم مۇشۇ بەلگىلەنگەن ۋەز-تەبلىغ تېمىسى ۋە مەزمۇنى ئاساسىدا سۆزلىشى كېرەك.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى
2014-يىلى 1-نويابىر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## ۋەز ـ تەبلىغلەر

نامازنىڭ پەزىلىتى ........................................ 1
سالامنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا........................................ 15
گۇناھ ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا........................................ 31
ئىسلام دىنىدىكى ئىسراپچىلىق توغرىسىدا ........................................ 49

## مەسچىتلىرىمىز

بۇلاقتاغ رايونلۇق قىزىل مۇنار مەسچىتىنىڭ قىسقىچە تارىخى .................. 62

## ئۆگىنىش گۈلزارى

ھەدىس شەرھىسىنىڭ تەرجىمىلىرىدىن ئۆرنەكلەر ........................... 66
ئەرەب تىلىدىكى بەزى گراماتىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ قوللىنىلىشى ۋە ئۇنىڭ
تەرجىمىسى........................................ 77

## پايدىلىنىشلىك

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 11 ـ ئايلىق ناماز ۋاقىتلىرى........................................ 92

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە : سايباغ رايونلۇق خوتەن كوچىسى مەسچىتى

مۇقاۋىنىڭ 4 ـ بېتىدە : تەڭرىتاغ رايونلۇق خانتەڭرى مەسچىتى

# نامازنىڭ پەزىلىتى

أَعُوْذُ بِاللّٰهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ  بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

إِنَّ الْحَمْدَ لِلّٰهِ نَحْمَدُهُ وَ نَسْتَعِيْنُهُ وَ نَسْتَغْفِرُهُ، وَنَعُوْذُ بِاللّٰهِ مِنْ شُرُورِ أَنْفُسِنَا، وَمِنْ سَيِّئَاتِ أَعْمَالِنَا، مَنْ يَهْدِهِ اللّٰهُ فَلاَ مُضِلَّ لَهُ ، وَمَنْ يُضْلِلْ فَلاَ هَادِيَ لَهُ ، وَأَشْهَدُ أَنْ لاَّ إِلٰـهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ، وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَ رَسُوْلُهُ صَلَّى اللّٰه عَلَيْهِ وَ عَلَى آلِهِ وَأَصْحَابِهِ أَجْمَعِيْنَ . أَمَّا بَعْدُ :

بارلىق ھەمدۇ ـ سانا ئاللاھقا خاستۇر. بىز ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىمىز؛ ئاللاھتىنلا ياردەم تىلەيمىز؛ ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيمىز. ئاللاھقا سېغىنىپ كۆڭۈللىرىمىزدە كەچكەن ئوي ـ ھەۋەسلىرىمىزنىڭ يامانلىقلىرىدىن، ئەمەللىرىمىزدە كۆرۈلگەن يامان قىلمىشلاردىن پاناھ تىلەيمىز. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان ئادەمنى ھېچبىر ئازدۇرغۇچى بولمايدۇ، ئاللاھ گۇمراھلىقتا قالدۇرغان ئادەمنى ھېچبىر ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى: يالغۇز ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھنىڭ ھېچبىر شېرىكى يوقتۇر. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە، ئۇنىڭ بارلىق ساھابىلىرىگە بولسۇن.

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك جامائەت! بۈگۈن سىلەرگە سۆزلىمەكچى بولغان ۋەز ـ تەبلىغىمىزنىڭ تېمىسى ناماز توغرىسىدا:

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ الصَّلَوٰةَ كَانَتْ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ كِتَـٰبًا مَّوْقُوتًا﴾

**﴿شۈبھىسىزكى، ناماز مۆمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى﴾ (4 ـ سۈرە / نىسا 103 ـ ئايەت)**

ناماز – پۈتۈن ساماۋىي دىنلاردا ئورتاق بۇيرۇلۇپ كەلگەن ئىبادەتتۇر. گەرچە

ئوقۇلۇش شەكلى ۋە تەرتىپلىرى ئىسلام دىنىمىزدىكى نامازغا ئوخشىمىسىمۇ، ناماز پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىگە ئۆزلىرىگە مۇناسىپ بىر شەكىلدە پەرز قىلىنىپ كەلگەن.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قىلغان خىتابىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّنِي أَنَا اللهُ لَا إِلَـهَ إِلَّا أَنَا فَاعْبُدْنِي وَأَقِمِ الصَّلَوٰةَ لِذِكْرِيٓ﴾

**﴿مەن ھەقىقەتەن ئاللاھتۇرمەن، مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوق، ماڭىلا ئىبادەت قىلغىن، مېنى ياد ئېتىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن﴾ (20 ـ سۈرە / تاھا 14 ـ ئايەت)**

ئاللاھ تائالا يەنە ئەڭ كۆپ پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن ئىسرائىل ئەۋلادى ھەققىدە كەلگەن قىسسىدە مۇنداق دېگەن:

﴿وَإِذْ أَخَذْنَا مِيثَـٰقَ بَنِي إِسْرَآءِيلَ لاَ تَعْبُدُونَ إِلاَّ اللهَ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَاناً وَذِى الْقُرْبَىٰ وَالْيَتَـٰمَىٰ وَالْمَسَـٰكِينِ وَقُولُواْ لِلنَّاسِ حُسْناً وَأَقِيمُواْ الصَّلَوٰةَ وَءَاتُواْ الزَّكَوٰةَ﴾

**﴿ئۆز ۋاقتىدا بىز ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئاللاھتىن باشقىغا ئىبادەت قىلماسلىققا، ئاتا ـ ئانىغا، يېقىن تۇغقانلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا، كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىشقا، نامازنى مۇكەممەل ئۆتەشكە، زاكات بېرىشكە ئەھدە ئالغان ئىدۇق﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 83 ـ ئايەت)**

ئەمما ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ناماز كۆپلىگەن خاسىيەتلىرى ۋە ھېكمەتلىرى بىلەن باشقا ساماۋىي دىنلاردىكى نامازدىن ئالاھىدە پەرقلىق بىر ئۇلۇغ ئىبادەتتۇر. ھېچقانداق ساماۋىي دىندىكى ناماز ئىسلام دىنىمىزدىكى نامازنىڭ كاتتا ئورنىغا ۋە ئالىي پەزىلىتىگە يېتەلمەيدۇ.

## نامازنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى

ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىك بارلىقىغا ئىمان كەلتۈرگەندىن كېيىنلا مۇسۇلمانلارغا ئەڭ ئاۋۋال بۇيرۇلغان ئىبادەت نامازدۇر. ئىسلام دىنىدا نامازنىڭ مەرتىۋىسىگە ۋە ئۇلۇغلىقىغا يېتەلەيدىغان ئىككىنچى بىر ئىبادەت يوقتۇر.

1. ناماز ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكىدۇر.

«قۇرئان كەرىم» دە نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىش، نامازغا ئەھمىيەت بېرىش توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان ئايەتلەر بار بولۇپ، بۇنىڭ مىسالى:

﴿وَأَقِيمُوا الصَّلَوٰةَ وَءَاتُوا الزَّكَوٰةَ وَارْكَعُوا مَعَ الرَّاكِعِينَ﴾

**﴿نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىڭلار (يەنى نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇڭلار)﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 43 ـ ئايەت)**

﴿وَاسْتَعِينُوا بِالصَّبْرِ وَالصَّلَوٰةِ وَإِنَّهَا لَكَبِيرَةٌ إِلَّا عَلَى الْخَاشِعِينَ﴾

**﴿سەۋر قىلىش، ناماز ئوقۇش ئارقىلىق (ئاللاھتىن) ياردەم تىلەڭلار. ناماز ئاللاھتىن قورققۇچىلاردىن باشقىلارغا ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك ئىشتۇر﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 45 ـ ئايەت)**

﴿وَأَنْ أَقِيمُوا الصَّلَوٰةَ وَاتَّقُوهُ وَهُوَ الَّذِي إِلَيْهِ تُحْشَرُونَ﴾

**﴿بىز نامازنى مۇكەممەل ئوقۇشقا ۋە ئاللاھتىن قورقۇشقا بۇيرۇلدۇق. ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەر دەرگاھىغا يىغىلىدىغان زاتتۇر﴾ (6 ـ سۈرە / ئەنئام 72 ـ ئايەت)**

﴿وَأَقِيمُوا الصَّلَوٰةَ وَءَاتُوا الزَّكَوٰةَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ﴾

**﴿ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن نامازنى مۇكەممەل ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار﴾ (24 ـ سۈرە / نۇر 56 ـ ئايەت)**

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇش ئالدىدا سەكراتتا تۇرۇپ مۇنداق دەپ ۋەسىيەت قىلغانىدى:

[اَلصَّلاَةَ الصَّلاَةَ وَمَا مَلَكَتْ أَيْمَانُكُمْ] (رَوَاهُ أَحْمَدُ)

**"نامازنى تەرك ئەتمەڭلار! نامازنى تەرك ئەتمەڭلار!"**

مانا بۇ ئايەت، ھەدىسلەردىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ناماز دىنىمىزنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكلىرىدىن بىرى، ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىشقا بۇيرىدى، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان "مۇكەممەل" نامازنى تەئدىل ـ ئەركانلىرىغا رىئايە قىلغان ئاساستا تولۇق، ئەستايىدىل ئادا قىلىشنى كۆرستىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ناماز قىيامەت كۈنى ئەڭ ئاۋۋال ھېساب ئېلىنىدىغان ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بىز مۇسۇلمانلار نامازنى ئىقتىدارىمىزنىڭ

يېتىشىچە مۇكەممەل ئادا قىلىشقا تىرىشىشىمىز تولۇمۇ زۆرۈر.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[ عَنْ أَنَسِ ابْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: إِنَّ أَوَّلَ مَا افْتَرَضَ اللّٰهُ عَلَى النَّاسِ مِنْ دِينِهِمُ الصَّلاةُ، وَآخِرَ مَا يَبْقَى الصَّلاةُ، وَأَوَّلَ مَا يُحَاسَبُونَ بِهِ الصَّلاةُ.] (رَوَاهُ أَبُو دَاوُدَ)

**"ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا دىندا ئەڭ ئاۋال پەرز قىلغان ئىبادەت نامازدۇر. ئەڭ ئاخىرغىچە داۋاملىشىدىغان ئىبادەتمۇ نامازدۇر. قىيامەت كۈنى ئەڭ ئاۋۋال ھېساب ئېلىنىدىغان ئەمەلمۇ نامازدۇر." (ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان)**

نامازنىڭ پەرز بولغانلىق قىسسىمۇ، ئۇنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ۋە مۇھىم ئىبادەت ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر. چۈنكى پۈتۈن ئىبادەتلەر زېمىندا پەرز قىلىنغان بولسا، بەش ۋاخ ناماز ئىسرا ـ مىراج كېچىسى ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ ئۇنىڭغا بىۋاستە ئەمر قىلىش ئارقىلىق ئاسماندا پەرز قىلىنغان. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ ئۇنىڭغا ۋە ئۇممەتلىرىگە بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلغانلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە نامازنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ئىبادەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ناماز مىراج كېچىسى پەرز قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئۇ «مۇسۇلمانىنىڭ مىراجى» دېيىلىدۇ.

## نامازنىڭ پەزىلىتى

نامازنىڭ پەزىلىتى ئىنتايىن كۆپتۇر. دىنىمىز نامازغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى بارلىق ئىبادەتلەرنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئۇنى ئادا قىلىشقا قارىتا ئىنتايىن يۇقىرى تەلەپ قويدى. نامازنى تەرك ئەتكۈچىلەرنى قاتتىق ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇردى. چۈنكى ناماز ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكى، جەننەتنىڭ ئاچقۇچى، پۈتۈن ياخشىلىقلارنىڭ بېشى، تەقۋادارلىقنىڭ بەلگىسى ۋە ھەقىقي مۇسۇلمانلىقنىڭ نىشانىسىدۇر.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ناماز ئوقۇشنى مۆمىنلەرنىڭ ئىماندىن

كېيىنكى بىرىنچى سۈپىتى قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ماختىغان:

﴿هُدًى لِّلْمُتَّقِينَ الَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِالْغَيْبِ وَيُقِيمُونَ الصَّلَوٰةَ﴾

**﴿ئۇ تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇركى، ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدىغان، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان كىشىلەردۇر﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 2 ـ ،3 ـ ئايەت)**

ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشىدىغان مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ بايانى ناماز بىلەن باشلىنىپ يەنە ناماز بىلەن خۇلاسىلانغان:

﴿قَدْ أَفْلَحَ الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ هُمْ فِي صَلَاتِهِمْ خَاشِعُونَ وَالَّذِينَ هُمْ عَنِ اللَّغْوِ مُعْرِضُونَ وَالَّذِينَ هُمْ لِلزَّكَوٰةِ فَاعِلُونَ وَالَّذِينَ هُمْ لِفُرُوجِهِمْ حَـٰفِظُونَ إِلَّا عَلَىٰ أَزْوَاجِهِمْ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَـٰنُهُمْ فَإِنَّهُمْ غَيْرُ مَلُومِينَ فَمَنِ ابْتَغَىٰ وَرَاءَ ذَٰلِكَ فَأُوْلَـٰئِكَ هُمُ الْعَادُونَ وَالَّذِينَ هُمْ لِأَمَانَاتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَاعُونَ وَالَّذِينَ هُمْ عَلَىٰ صَلَوَاتِهِمْ يُحَافِظُونَ﴾

**﴿مۆمىنلەر ھەقىقەتەن مەقسىتىگە يەتتى؛ ئۇ مۆمىنلەر نامىزىدا ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر؛ ئۇلار بىھۇدە سۆز ـ ھەرىكەتتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر؛ ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇر؛ ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچىلاردۇر؛ ئۇلار پەقەت خوتۇنلىرى ۋە چۆرىلىرى بىلەن يېقىنچىلىق قىلسا ھەرگىز مالامەت قىلىنمايدۇ؛ كىمكى باشقىلاردىن بۇنى (يەنى جىنسىي تەلىپىنى قاندۇرۇشنى) ئىزدەيدىكەن، ئەنە شۇلار چەكتىن ئاشقۇچىلاردۇر؛ ئۇ مۆمىنلەر يەنە ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر؛ ئۇلار نامازلىرىغا تولۇق ئەھمىيەت بەرگۈچىلەردۇر﴾ (23 ـ سۈرە / مۇئمىنۇن 1~9 ـ ئايەت)**

## نامازنىڭ ھۆكمى

ھەربىر بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى ـ ھوشى جايىدا بولغان ئەر ـ ئايال مۇسۇلمان كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش پەرز ئەيىندۇر.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە نامازنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ الصَّلَوٰةَ كَانَتْ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ كِتَـٰبًا مَّوْقُوتًا﴾

﴿شۈبھىسىزكى، ناماز مۆمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى﴾ (4 ـ سۈرە / نىسا 103 ـ ئايەت)

تەلھە ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

[جَاءَ رَجُلٌ إِلَى رَسُولِ اللهِ ﷺ مِنْ أَهْلِ نَجْدٍ ثَائِرَ الرَّأْسِ يُسْمَعُ دَوِيُّ صَوْتِهِ وَلَا يُفْقَهُ مَا يَقُولُ حَتَّى دَنَا، فَإِذَا هُوَ يَسْأَلُ عَنِ الْإِسْلَامِ ؟ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ ﷺ: خَمْسُ صَلَوَاتٍ فِي الْيَوْمِ وَاللَّيْلَةِ، فَقَالَ: هَلْ عَلَيَّ غَيْرُهَا ؟ قَالَ: لَا إِلَّا أَنْ تَطَوَّعَ، قَالَ رَسُولُ اللهِ ﷺ: وَصِيَامُ رَمَضَانَ، قَالَ: هَلْ عَلَيَّ غَيْرُهُ ؟ قَالَ: لَا إِلَّا أَنْ تَطَوَّعَ، قَالَ: وَذَكَرَ لَهُ رَسُولُ اللهِ ﷺ الزَّكَاةَ، قَالَ: هَلْ عَلَيَّ غَيْرُهَا ؟ قَالَ: لَا إِلَّا أَنْ تَطَوَّعَ، قَالَ: فَأَدْبَرَ الرَّجُلُ وَهُوَ يَقُولُ: وَاللهِ لَا أَزِيدُ عَلَى هَذَا وَلَا أَنْقُصُ، قَالَ رَسُولُ اللهِ ﷺ: أَفْلَحَ إِنْ صَدَقَ.] (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ)

"نەجدلىك بىر ئادەم چېچى چۇۋۇلغان قىياپەتتە بىر نەرسە دېگىنىچە كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ نىمە دېگەنلىكىنى چۈشىنەلمىدۇق، پەقەت ئۇ يېقىنلىشىپ كەلگەندىلا، ئۇنىڭ ئىسلام توغرۇلۇق سوراۋاتقانلىقىنى بىلدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: بىر كېچە ـ كۈندۈزدە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيسەن، دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم: ماڭا ئۇنىڭدىن باشقا پەرز بارمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: يوق، پەقەت نەپلە (ئۆز ئىختىيارىڭ بىلەن ئوقۇيدىغان) نامازلار بار، دېدى. ھېلىقى ئادەم: ماڭا ئۇنىڭدىن باشقا پەرزمۇ بارمۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: رامىزان روزىسى بار، دېدى. ئۇ ئادەم: ئۇنىڭدىن باشقىسىمۇ بارمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: يوق، پەقەت نەپلە روزىلارنى تۇتساڭ بولىدۇ. دېدى ۋە زاكاتنى چۈشەندۈردى. ھېلىقى ئادەم يەنە: ئۇنىڭدىن باشقىسى بارمۇ؟ دېۋىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئۇنىڭغا: يوق، پەقەت ئۆز ئىختىيارىڭ بىلەن سەدىقە بەرسەڭ ۋە خەير ـ ئېھسانلارنى قىلساڭ بولىدۇ، دېدى. ھېلىقى ئادەم: ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىڭغا كەم ـ زىيادە قىلمايمەن، دېگىنىچە قايتىپ كەتتى. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بۇ ئادەم سۆزىدە راستچىل بولسىلا، مەقسىتىگە ئېرىشتى، دېدى." (ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان)

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇسۇلمانلارنى مەيلى ئۇلار ئۆز ئۆيىدە بولسۇن، مەيلى سەپەردە بولسۇن، مەيلى ئوڭۇشلۇقتا بولسۇن، مەيلى قىيىنچىلىقتا بولسۇن، مەيلى ئامانلىقتا بولسۇن، ھەرقانداق شارائىتتا نامازنى چوقۇم ئادا قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿حَـٰفِظُوا عَلَى الصَّلَوَٰتِ وَالصَّلَوٰةِ الْوُسْطَىٰ وَقُومُوا لِلَّهِ قَـٰنِتِينَ فَإِنْ خِفْتُمْ فَرِجَالًا أَوْ رُكْبَانًا فَإِذَآ أَمِنتُمْ فَاذْكُرُوا اللَّهَ كَمَا عَلَّمَكُم مَّا لَمْ تَكُونُوا تَعْلَمُونَ﴾

**﴿سىلەر نامازلارغا، بولۇپمۇ ئوتتۇرىدىكى نامازغا (يەنى ناماز دىگەرگە) ئەھمىيەت بېرىڭلار، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرى (يەنى ناماز) دا ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار. قورقۇنچتا قالغىنىڭلاردا، سىلەر نامازنى پىيادە ياكى ئۇلاغلىق كېتىپ بېرىپ ئوقۇساڭلار بولىدۇ. ئامانلىق تاپقىنىڭلاردا، ناماز ئوقۇشنى بىلمەيدىغان ۋاقتىڭلاردا ئاللاھنىڭ سىلەرگە تەلىم بەرگىنى بويىچە ئوقۇڭلار﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 238 ـ ، 239 ـ ئايەت)**

بىز يۇقارقى ئايەتنىڭ روھىدىن قورقۇنچلۇق ئەھۋالدىمۇ، سەپەر ئۈستىدىمۇ ئىما ئىشارەت بىلەن بولسىمۇ ناماز ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇڭلار دېگەنلىكنى چۈشۈنىۋالالايمىز.

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى قىبلىگە قاراشقا ئىمكانىيىتى بولمىغان شارائىتلاردا، قىبلىگە قاراشنى شەرت قىلماستىن نامازنى داۋاملاشتۇرۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلِلَّهِ الْمَشْرِقُ وَالْمَغْرِبُ فَأَيْنَمَا تُوَلُّواْ فَثَمَّ وَجْهُ اللَّهِ﴾

**﴿مەشرىقمۇ، مەغرىبمۇ ئاللاھنىڭدۇر، (ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ) قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلارمۇ، ئۇ ئاللاھنىڭ تەرىپى (يەنى سىلەرگە ئىختىيار قىلغان قىبلىسى) دۇر.﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 115 ـ ئايەت)**

ئاللاھ تائالا نامازنى بىپەرۋالىق بىلەن ئوقۇيدىغان كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن:

﴿فَوَيْلٌ لِّلْمُصَلِّينَ الَّذِينَ هُمْ عَن صَلَاتِهِمْ سَاهُونَ﴾

**﴿نامازنى بىپەرۋالىق بىلەن ئوقۇيدىغان كىشىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي!﴾ (107 ـ سۈرە /**

**مائۇن 4 ـ ، 5 ـ ئايەت)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى:

[عَنْ جَابِرٍ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: بَيْنَ الْعَبْدِ وَبَيْنَ الْكُفْرِ تَرْكُ الصَّلَاةِ.] (رَوَاهُ الْمُسْلِمُ)

**”جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان بىلەن كاپىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نامازدۇر.“ (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

## جامائەت نامىزىنىڭ پەزىلىتى

جامائەت سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى — بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇشى دېمەكتۇر. ئەمما ئىسلام فىقھى ئىستىلاھىدا جامائەت، مەسجىدتە ياكى ئۆيدە ياكى ھەرقانداق بىر جايدا توپلىنىپ ناماز ئوقۇغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

جامائەت نامىزى — پەرز، ۋاجىب ۋە تاراۋىھ نامازلىرىنى ئىمامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئادا قىلىش دېمەكتۇر.

جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش ئەرلەر ئۈچۈن تەكىتلەنگەن سۈننەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جامائەت بىلەن ئوقۇغان نامازنىڭ ساۋابى ئۆز ئالدىغا يالغۇز ئوقۇغان نامازدىن 27 ھەسسە ئارتۇق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

[عَنِ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: صَلاةُ الْجَمَاعَةِ تَفْضُلُ عَلَى صَلاةِ الْفَرْدِ بِسَبْعٍ وَعِشْرِينَ دَرَجَةً.]

**”ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: جامائەت بىلەن ئوقۇغان ناماز يالغۇز ئوقۇغان نامازدىن 27 دەرىجە ئارتۇق بولىدۇ.“ (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ عُثْمَانَ بْنِ عَفَّانَ رَضِىَ اللهُ عَنْهُ  قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّ اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: مَنْ صَلَّ الْعِشَاءَ فِي جَمَاعَةٍ فَكَأَنَّمَا قَامَ نِصْفَ اللَّيْلِ وَمَنْ صَلَّ الصُّبْحَ فِي جَمَاعَةٍ فَكَأَنَّمَا صَلَّ اللَّيْلَ كُلَّهُ.] (رَوَاهُ مُسْلِمٌ)

**"ئوسمان ئىبنى ئەفۋان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىمكى خۇپتەن نامىزىنى جامائەت بىلەن ئادا قىلىدىكەن، ئۇ كېچىنىڭ يېرىمىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەندەك ساۋاپقا ئېرىشىدۇ. كىمكى بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن ئادا قىلىدىكەن، ئۇ كېچىنىڭ ھەممىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەننىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ." (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن:

[عَنْ بُرَيْدَةَ الْأَسْلَمِيِّ رَضِىَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النَّبِيِّ صَلَّ اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: بَشِّرْ الْمَشَّائِينَ فِي الظُّلَمِ إِلَى الْمَسَاجِدِ بِالنُّورِ التَّامِّ يَوْمَ الْقِيَامَةِ.] (رَوَاهُ التِّرْمِيذِيُّ)

**"بۇرەيدە ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قاراڭغۇلاردا مەسجىدلەرگە بارىدىغانلارغا قىيامەت كۈنى تولۇق نۇر بېرىلىدىغانلىقى بىلەن بېشارەت بېرىڭلار." (ئىمام تىرمىزي رىۋايەت قىلغان)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِىَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّ اللّهم عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: لَوْ يَعْلَمُ النَّاسُ مَا فِي النِّدَاءِ وَالصَّفِّ الْأَوَّلِ ثُمَّ لَمْ يَجِدُوا إِلَّا أَنْ يَسْتَهِمُوا عَلَيْهِ لَاسْتَهَمُوا وَلَوْ يَعْلَمُونَ مَا فِي التَّهْجِيرِ لَاسْتَبَقُوا إِلَيْهِ وَلَوْ يَعْلَمُونَ مَا فِي الْعَتَمَةِ وَالصُّبْحِ لَأَتَوْهُمَا وَلَوْ حَبْوًا.] (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ)

**"ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئەگەر كىشىلەر ئەزاننىڭ ۋە ئاۋالقى سەپتە ناماز ئوقۇشنىڭ ساۋابىنى بىلسە ئىدى، ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن چەك تاشلاشقا توغرا كەلگەندىمۇ، ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن چەك تاشلىغان بولاتتى. ئەگەر ئۇلار نامازغا ئالدىراشنىڭ ساۋابىنى بىلسە ئىدى، نامازغا چوقۇم بالدۇر كېلەتتى. ئەگەر ئۇلار خۇپتەن ۋە بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇغاننىڭ ساۋابىنى بىلسە ئىدى، ئۇلار نامازغا ئۆمىلەپ بولسىمۇ كەلگەن**

**بولاتتى.» (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان)**

## نامازنىڭ ئەھمىيىتى

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَأَقِمِ الصَّلَوٰةَ إِنَّ الصَّلَوٰةَ تَنْهَىٰ عَنِ الْفَحْشَاءِ وَالْمُنكَرِ ﴾

**﴿(ئى مۇھەممەد!) نامازنى مۇكەممەل ئوقۇغىن، مۇكەممەل ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ﴾ (29 ـ سۈرە / ئەنكەبۇت 45 ـ ئايەت)**

نامازنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو رَضِىَ اللهُ عَنْهُمَا عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَّهُ ذَكَرَ الصَّلَاةَ يَوْمًا فَقَالَ مَنْ حَافَظَ عَلَيْهَا كَانَتْ لَهُ نُورًا وَبُرْهَانًا وَنَجَاةً يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَمَنْ لَمْ يُحَافِظْ عَلَيْهَا لَمْ يَكُنْ لَهُ نُورٌ وَلَا بُرْهَانٌ وَلَا نَجَاةٌ وَكَانَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ مَعَ قَارُونَ وَفِرْعَوْنَ وَهَامَانَ وَأُبَيِّ بْنِ خَلَفٍ.]

**”ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى نامازنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېدى: كىمكى نامازنى ئۆز ۋاقتىدا، تولۇق ئادا قىلىدىكەن، ناماز ئۇنىڭغا توغرا يولدا مېڭىشتا نۇر، (مۇسۇلمانلىقىغا) دەلىل ۋە قىيامەت كۈنىدە (ئازابتىن) نىجاتلىق بولىدۇ. كىمكى ئۇنى تەرك ئېتىدىكەن، ئۇنىڭغا نۇرمۇ يوق، دەلىلمۇ يوق، قىيامەت كۈنىدە ئازابتىن نىجاتلىقمۇ يوقتۇر. ئۇ، قىيامەت كۈنى قارۇن، پىرئەۋن، ھامان ۋە ئۇبەي ئىبنى خەلەپلەر بىلەن بىرگە قوپىدۇ.“ (ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)**

ناماز تېنى ساق مۇسۇلمان كىشىدىن قەتئىي ساقىت بولمايدۇ. ھەتتا ناماز ئوقۇشقا ئىما ـ ئىشارەتكە چامى يېتىدىغان ھالەتتىكى كېسەل كىشىدىنمۇ ساقىت بولمايدۇ.

بۇنىڭغا قارىتا ئىسلام شەرىئىتى مۇنداق بەلگىلىگەن: ئەگەر كېسەل كىشى ئورنىدىن تۇرۇشقا ماجالى بولسا، نامازنى ئادەتتىكىدەك ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇيدۇ، ئەگەر ئورنىدىن تۇرالمايدىغان ھالەتتە بولسا، ئولتۇرۇپ ئوقۇيدۇ، ئەگەر ئولتۇرۇشقىمۇ قادىر بولالمايدىغان ھالەتتە بولسا، ياتقان يېرىدە بېشى

بىلەن ئىما ئىشارەت قىلىپ ئوقۇيدۇ. ئەگەر كېسەللىكى ئېغىر بولۇپ، بېشى بىلەنمۇ ئىما-ئىشارەت قىلالمايدىغان ھالەتتە بولسا ئەنە شۇ ۋاقىتتىلا ناماز ئۇنىڭدىن ۋاقىتىنچە كېچىكتۈرۈلىدۇ.

كېسەللىك سەۋەبىدىن ناماز ئوقۇشقا ئامالسىز قالغان كىشىلەرگە قويۇلىدىغان تەلەپ بۇ قەدەر كۆچلۈك بولغان يەردە، تېنى ساق، ئەقلى-ھوشى جايىدا بولغان كىشىلەر نامازنى ئادا قىلىشتا بىپەرۋالىق ياكى بوشاڭلىق قىلسا تېخىمۇ بولمايدۇ.

مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلىنغان بەش ۋاخ نامازنىڭ ئورۇنداش ۋاقىتلىرىنى ئاللاھ تائالا كېچە-كۈندۈزنىڭ ئوخشاش بولمىغان سائەتلىرىگە بەلگىلىدى. بەش ۋاخ ناماز ھەقىقەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك سادىر قىلغان خاتالىقلىرى ۋە گۇناھلىرىنى يۇيۇپ پاكلايدىغان مەنىۋىي داۋادۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆيەتلەپ مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: أَرَأَيْتُمْ لَوْ أَنَّ نَهْرًا بِبَابِ أَحَدِكُمْ يَغْتَسِلُ مِنْهُ كُلَّ يَوْمٍ خَمْسَ مَرَّاتٍ، هَلْ يَبْقَى مِنْ دَرَنِهِ شَيْءٌ ؟ قَالُوا : لَا يَبْقَى مِنْ دَرَنِهِ شَيْءٌ، قَالَ : فَذَلِكَ مَثَلُ الصَّلَوَاتِ الْخَمْسِ، يَمْحُو اللهُ بِهِنَّ الْخَطَايَا.] (رَوَاهُ مُسْلِمٌ)

**"ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قېتىم ساھابىلەردىن: ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ سىلەردىن بىر كىشىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا بىر ئۆستەڭ بولۇپ، ئۇ ئۇنىڭدا كۈنىگە بەش قېتىم يۇيۇنسا، ئۇنىڭ بەدىنىدە كىر قالامدۇ؟ دەپ سورىغاندا، ساھابىلەر: ئۇنىڭ بەدىنىدە كىر دېگەن نەرسە قالمايدۇ، دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ: بەش ۋاخ ناماز ئەنە شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلار ئارقىلىق گۇناھلارنى كەچۈرىدۇ، دېدى." (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

ئىنسان شۇنداق ئاجايىپ يارىتىلغان بىر مەۋجۇداتكى، ئۇنىڭدا پەرىشتىلەردە بولىدىغان روھانىيلىق، ھايۋانلاردا بولىدىغان شەھۋانىي ھەۋەس ۋە يىرتقۇچلاردا بولىدىغان غەزەپ (ئاچچىقلىنىش) باردۇر.

كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇنىڭدىكى شەھۋانىي ھەۋەس ياكى غەزەپ ئۇنىڭدىكى

روھانىيلىققا غالىپ كېلىپ، ئۇنى تورلۇك خاتالىقلارغا باشلايدۇ. ئىنساننىڭ خاتالىشىشى ئەيىپ سانالمىدىغان ئىش ئەمەس. ھەرقانداق ئادەم بالىسى خاتالىشىدۇ. لېكىن ئەڭ چوڭ خاتالىق شۇكى، ئىنسان ئۆز خاتالىقلىرىنى ئۆزى تونۇماي، خاتالىق ئۈستىگە خاتالىق سادىر قىلىش ئارقىلىق، خاتالىق دېڭىزىغا چۆكۈش نەتىجىسىدە، ھايۋان كەبى بولۇپ كېتىشىدۇر. بەش ۋاخ نامازدا خاتالاشقانلارنىڭ خاتالىقلىرىنى تۈزىتىپ توغرا يول تېپىشى، غەپلەتتىكىلەرنىڭ ئۇيقۇلىرىدىن ئويغىنىشى، ئازغانلارنىڭ ئاللاھ يولىغا قايتىشى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى پۇرسەت بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىگە ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَنَسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ : قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: "إِنَّ للهِ مَلَكًا يُنَادِي عِنْدَ كُلِّ صَلاةٍ: يَا بَنِي آدَمَ، قُومُوا إِلَى نِيرَانِكُمُ الَّتِي أَوْقَدْتُمُوهَا عَلَى أَنْفُسِكُمْ، فَأَطْفِئُوهَا بِالصَّلاةِ.] (رَوَاهُ الطَّبْرَانِيُّ)

**”ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالانىڭ چاقىرغۇچى پەرىشتىسى بار بولۇپ، ئۇ ھەر نامازنىڭ ۋاقتى كەلگەندە: ”ئى ئادەم بالىلىرى! ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، سىلەر ئۆزەڭلارنى كۆيدۈرۈشكە ياققان ئوتۇڭلارنى ناماز بىلەن ئۆچۈرۈڭلار“ دەپ توۋلايدۇ.“ ( ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان)**

بەش ۋاخ ناماز ئىنساننىڭ گۇناھ ۋە خاتالىقلىرىنى ئۆچۈرۈشتىن باشقا يەنە ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئىجابىي تەرەپلىرى بار. بەش ۋاخ ناماز ئەڭ ئاۋۋال ئىنساننى ئىنسانلىق سالاھىيەتكە كۆتۈرۈپ، پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشقا لايىق قىلغان ئىنسانلىق روھىنى كۈچەيتىدۇ. كۈندىلىك بەش ۋاخ ناماز ئىنساننىڭ ماددىي ئوي ـ پىكىرلەردىن مۇتلەق ئازات بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ھوزۇرىغا مۇناجات قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ روھىنى يۈكسەلدۈرىدىغان ئەڭ ياخشى ئىبادەتتۇر. كۈندىلىك روھى ئېھتىياج بۇ بەش ۋاخ ناماز بىلەن تەمىن ئېتىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئىنسان بۇ بەش ۋاخ

ناماز جەريانىدا ماددىي ئالەمدىن روھىي ئالەمگە تەرەققىي قىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا ھازىر بولۇپ، ئاللاھ بىلەن مۇناجاتلىشىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئاللاھ تائالادىن پۈتۈن ھاجەتلىرىنى تىلەيدۇ. نەتىجىدە ئاللاھ تائالامۇ ئۇنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇددىسىدا مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ فَإِنِّي سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ قَالَ اللهُ تَعَالَى قَسَمْتُ الصَّلَاةَ بَيْنِي وَبَيْنَ عَبْدِي نِصْفَيْنِ وَلِعَبْدِي مَا سَأَلَ فَإِذَا قَالَ الْعَبْدُ ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ قَالَ اللهُ تَعَالَى حَمِدَنِي عَبْدِي وَإِذَا قَالَ ﴿الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ﴾ قَالَ اللهُ تَعَالَى أَثْنَى عَلَيَّ عَبْدِي وَإِذَا قَالَ ﴿مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾ قَالَ مَجَّدَنِي عَبْدِي وَقَالَ مَرَّةً فَوَّضَ إِلَيَّ عَبْدِي فَإِذَا قَالَ ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾ قَالَ هَذَا بَيْنِي وَبَيْنَ عَبْدِي وَلِعَبْدِي مَا سَأَلَ فَإِذَا قَالَ ﴿اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضَّالِّينَ﴾ قَالَ هَذَا لِعَبْدِي وَلِعَبْدِي مَا سَأَلَ.] (رَوَاهُ مُسْلِم)

**”ئەبۇ ھۇرەيرە ھەدىس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن نامازنى ئۆزەم بىلەن بەندەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككىگە بۆلدۈم، بەندەم نېمىنى سورىسا، شۇ نەرسە بېرىلىدۇ. ئەگەر بەندەم: «الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ» (پۈتۈن ھەمدۇسانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋىشكارى ئاللاھقا خاستۇر) دېسە، مەن: ”بەندەم ماڭا ھەمدە ئېيتتى“ دەيمەن. ئەگەر بەندەم: «الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ» (ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر) دېسە، مەن: ”بەندەم مېنى مەدھىيەلىدى“ دەيمەن. ئەگەر:«مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ» (قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر) دېسە، مەن: ”بەندەم مېنى ئۇلۇغلىدى ۋە ئىشلىرىنى ماڭا تاپشۇردى“ دەيمەن. ئەگەر: «إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ» (ئى ئاللاھ! بىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا مەدەت تىلەيمىز) دېسە، مەن: ”بۇ مەن بىلەن بەندەمنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىش، بەندەم نېمىنى سورىسا، شۇنى بېرىمەن“ دەيمەن. ئەگەر بەندەم: «اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضَّالِّينَ» (ئى ئاللاھ! سەن بىزنى ئىنئامىڭغا ئېرىشكەن، غەزىپىڭگە ئۇچرىمىغان،**

**يولۇگدىن ئازمىغان كىشىلەرنىڭ توغرا يولىغا باشلىغىن) دېسە، مەن: ”بەندەمنىڭ بۇ تىلىكى ئىجابەت بولىدۇ، بەندەم نېمىنى سورىسا، شۇ بېرىلىدۇ“ دەيمەن.“ (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا بىلەن بەندىنىڭ نامازدىكى يېقىنلىقىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ:

[إِنَّ الرَّجُلَ إِذَا قَامَ يُصَلِّي أَقْبَلَ اللهُ عَلَيْهِ بِوَجْهِهِ، حَتَّى يَنْقَلِبَ أَوْ يُحْدُثَ حَدَثٌ سَوءٌ.] (رَوَاهُ ابْنُ مَاجَه)

**”ھەقىقەتەن ئىنسان نامازغا تۇرغاندىن باشلاپ، نامىزىنى تۈگەتكىنىگە قەدەر ياكى بىرەر ئەھۋال يۈز بېرىپ نامازدىن چىققىنىغا قەدەر، ئاللاھ ئۇنىڭغا نەزەر سېلىپ تۇرىدۇ.“ (ئىمام ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان)**

ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان، ھەق يولغا ماڭىدىغان، كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسى ۋە جەمئىيىتىمىزگە ئۆز ياردەملىرىنى ئايىمايدىغان، تىرىشىپ ئىلىم تەھسىل قىلىپ، پايتەختىمىزنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا چىن دىلى بىلەن ئەجىر سىڭدۈرىدىغان، ئىناق ئۆتىدىغان، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە نائىل بولغان مۆمىن بەندىلەردىن بولۇشقا نېسىپ قىلسۇن! ئاخىرىدا خۇتبىمىزنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ دۇئاسى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمىز.

﴿رَبِّ اجْعَلْنِي مُقِيمَ الصَّلَوٰةِ وَمِن ذُرِّيَّتِي رَبَّنَا وَتَقَبَّلْ دُعَاءِ ‌ رَبَّنَا اغْفِرْ لِي وَلِوَالِدَيَّ وَلِلْمُؤْمِنِينَ يَوْمَ يَقُومُ الْحِسَابُ ﴾

**(ئى رەببىم! مېنى ۋە بىر قىسىم ئەۋلادىمنى نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلغۇچى قىلغىن. ئى رەببىم! دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن. ئى رەببىم! ھېساب ئالىدىغان كۈندە ماڭا، ئاتا ـ ئانامغا ۋە مۆمىنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن﴾ (14 ـ سۈرە 40 ـ ،41 ـ ئايەت)**

وأخر دعوانا أن الحمد لله رب العالمين

# سالامنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

أَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ     بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِى جَعَلَنَا مُسْلِمِينَ، وأَكمَلَ لَنَا الدِّينَ وأَتَمَّ عَلَيْنَا النِّعمَةَ مِن بَينَ العَالَمِينَ، نَشْهَدُ ألاَّ إِلٰه إلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لا شَرِيكَ لَهُ، إِلٰه الأَوَّلِينَ والآخِرِينَ، وَقَيُّومُ السَّمَاوَاتِ والأَرَضِيينَ، أَمَرَنَا أنْ نَعبُدَهُ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ بِقَوْلِهِ ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اتَّقُواْ اللّهَ حَقَّ تُقَاتِهِ وَلاَ تَمُوتُنَّ إِلاَّ وَأَنتُم مُّسْلِمُونَ﴾ ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ اتَّقُواْ رَبَّكُمُ الَّذِي خَلَقَكُم مِّن نَّفْسٍ وَاحِدَةٍ وَخَلَقَ مِنْهَا زَوْجَهَا وَبَثَّ مِنْهُمَا رِجَالاً كَثِيرًا وَنِسَاءً وَاتَّقُواْ اللّهَ الَّذِي تَسَاءَلُونَ بِهِ وَالأَرْحَامَ إِنَّ اللّهَ كَانَ عَلَيْكُمْ رَقِيبًا﴾ ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ ءَامَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَقُولُوا قَوْلًا سَدِيدًا يُصْلِحْ لَكُمْ أَعْمَالَكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَمَن يُطِعِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ فَقَدْ فَازَ فَوْزًا عَظِيمًا﴾ ونَشهدُ أنَّ مُحَمَّدًا عبدُ اللهِ وَرَسُولُهُ النَّبِيُّ الكَرِيمُ، والْمُصطَفَى الأَمِينُ، صلَّى اللهُ وَسَلَّمَ وَبَارَكَ عَلَيْهِ وعلى آلِهِ وأَصحَابِهِ الطَّيِّبِينَ، وَمنْ تَبِعَهم بِإحسَانٍ وإيمانٍ إلى يَومِ الدِّينِ. أَمَّا بَعْدُ:

بارلىق ھەمدۇ ـ سانا بىزنى ئىنتائەتمەن قىلغان، جاھان ئەھلى ئارىسىدىن بىزگە دىننى مۇكەممەل قىلىپ بەرگەن، بىزگە نېمەتلەرنى تولۇق قىلىپ بەرگەن ئاللاھقا خاستۇر. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى: يالغۇز ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھنىڭ ھېچبىر شېرىكى يوقتۇر، ئۇ ئۆتكەنلەرنىڭ ئىلاھى ۋە كېيىنكىلەرنىڭ ئىلاھى، ئۇ ئاسمانلارنى ۋە زېمىنلارنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللاھ مۇنۇ سۆزى بىلەن بىزنى دىنغا ئىخلاسمەن بولۇپ ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا بۇيرىدى: **﴿ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا ھەقىقىي رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار، پەقەت مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەنلا ۋاپات بولۇڭلار﴾ (3 ـ سۈرە / ئال ئىمران 102 ـ ئايەت). ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنسان (ئادەم ئەلەيھىسسالام) دىن ياراتقان، شۇ ئىنساندىن ئۇنىڭ جۈپتى (يەنى ھەۋۋا)نى ياراتقان ۋە ئۇلاردىن نۇرغۇن ئەر ـ ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار. بىر ـ بىرىڭلاردىن نەرسە**

**سورىغاندا نامىنى شېپى كەلتۈرىدىغان ئاللاھتىن قورقۇڭلار، تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر﴾ (4 ـ سۈرە / نىسا 1 ـ ئايەت). ﴿ ئى مۆمىنلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، توغرا سۆزنى قىلىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنى توغرىلايدۇ، گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولىدۇ﴾ (33 ـ سۈرە / ئەھزاب 70 ـ ، 71 ـ ئايەت)** گۇۋاھلىق بېرىمەنكى: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى، ئاللاھنىڭ ۋەھيى ئارقىلىق خەۋەر يەتكۈزىدىغان، ھۆرمەتلىك، تاللانغان، ئىشەنچىلىك ئەلچىسى. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى، سالامى ۋە ئىنئامى ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە ۋە ئۇنىڭ پاك ساھابىلىرىگە، ياخشى ئىش ۋە ئىمان بىلەن ئۇلارغا قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئەگەشكەنلەرگە بولسۇن.

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك جامائەت!

ھەممىمىزگە مەلۇم، بىز مۇسۇلمانلار ئادەتتە ئۆز ئارا ئۇچراشقاندا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» (السَّلَامُ عَلَيْكُمْ) دەپ سالاملىشىمىز. باشقىلار بىلەن مانا بۇ تەرىقىدە سالاملىشىش ھەربىر مۇسۇلماندا بولۇشقا تېگىشلىك، ئەڭ ئەقەللىي بىر ئەخلاق بولۇشتىن سىرت يەنە ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ پۈتۈن ئۈممەتكە قىلغان ئەمرى ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمرىنى ئورۇنداش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى. شۇڭا ھەر بىر مۇسۇلمان سالامنىڭ ئىسلام دىنىمىزدىكى ئورنى ۋە ئەھمىيىتىنى ھەقىقىي تونۇپ يېتىشى، شۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلار ئارىسىدا سالامنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئومۇملاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ، بۈگۈنكى جۈمەدە ”سالامنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا“ تەبلىغ قىلىشنى توغرا تاپتۇق.

## سالامنىڭ تەبىرى ۋە مەنىسى

بىز ئۆزئارا سالاملاشقاندا قوللىنىدىغان «ئەسسالام» سۆزى ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ”تىنچلىق، خاتىرجەملىك:

بويسـوْنوْش“ دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىن كەلگەن مۇبارەك سۆزدۇر. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ مەنىسى يۈكسەك ۋە بىباھا بولۇپ، ئۇنى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىشلىتىلىشۋاتقان ئادەتتىكى ئەدەپ ـ قائىدە سۆزلىرى بىلەن بىر ئورۇندا قويۇشقا بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ بۇ گۈزەل ئىسىم ـ سۈپىتىنى ئىنسانغا ئاتا قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئۇنى دائىم ئىشلىتىشىنى ئىرادە قىلدى. مەسىلەن: ناماز ئاخىرلاشقاندا ”ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ“ دەپ ئوڭ ـ سول تەرەپتىكى پەرىشتىلەرگە ۋە كىشىلەرگە سالام قىلىش، كىشىلەر بىلەن كۆرۈشكەندە ۋە خوشلاشقاندا ”ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم“ دەپ كۆرۈشۇش ۋە خوشلىشىش، ئۆيلەرگە كىرگەندە سالام قىلىپ كىرىش قاتارلىقلار. بۇنداق بەلگىلىنىشتىكى مەقسەت، بۇ خىل تىنچلىقنى ئىنسانىيەتكە ئاتا قىلىش، ئىنسانىنى ئاللاھ تائالانىڭ مېھىر ـ شەپقىتىگە ئېرىشتۈرۈش، شۇنداقلا تىنچلىق، خاتىرجەملىكتىن بەھرىلىنىشكە مۇيەسسەر قىلىشتىن ئىبارەت.

”ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم“ دەپ سالام بېرىش ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلانغان بولۇپ، ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلغاندا، ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى پەرىشتىلەرگە سالام بېرىشكە ئەمر قىلدى ھەم پەرىشتىلەرنىڭ سالىمىنى قانداق قوبۇل قىلىشنى ئۆگەتتى. بۇ ئارقىلىق سالامنى ئىنسانلار ئىجتىمائىي ھاياتتا قوللىنىدىغان قائىدە ـ يوسۇننىڭ قاتارىدىن قىلدى.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: لَمَّا خَلَقَ اللهُ آدَمَ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: اِذْهَبْ فَسَلِّمْ عَلَى أُولَـئِكَ نَفَرٍ مِنَ المَلاَئِكَةِ جُلُوسٌ فَاسْتَمِعْ مَا يُحَيُّونَكَ ؛ فَإِنَّهَا تَحِيَّتُكَ وَتَحِيَّةُ ذُرِّيَّتِكَ . فَقَالَ: السَّلاَمُ عَلَيْكُمْ ، فقالوا : السَّلاَمُ عَلَيْكَ وَرَحْمَةُ اللهِ ، فَزَادُوهُ: وَرَحْمَةُ اللهِ.] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

**”ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا ئادەم ئاتىمىزنى ياراتقان چاغدا ئادەم ئاتىمىزغا: ئاۋۇ ئولتۇرغان پەرىشتىلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بەرگىن، ئاندىن ساڭا قايتۇرغان سالىمىغا قۇلاق سالغىن، بۇ سېنىڭ ۋە ئەۋلادلىرىڭنىڭ سالىمىدۇر، دېدى. ئادەم ئاتىمىز: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، دەپ سالام بەردى. پەرىشتىلەر: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ، دەپ**

**ۋەرەھمەتۇللاھ» نى قوشۇپ قويىدى.“ (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)**

سالام بېرىش ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى ـ مەرھەمىتى جۈملىسىدىن بولۇپ، ئۇ تىنچلىق دۇئاسىدۇر. ياخشى نىيەت بىلەن قىلىنغان سالام كىشى بىلەن كىشى ئوتتۇرىسىدىكى ياخشى ئالاقىنىڭ باشلىنىشىدۇر. شۇڭا ساھابە كىراملار بىر-بىرى ئىشى بولمىسىمۇ مۇسۇلمانلار بىلەن ئۆزئارا سالاملىشىۋېلىش ئۈچۈن بازارغا باراتتى.

سالام سۆزى ئادەم بىلەن ئاللاھنىڭ، ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ ئاساسىي مۇناسىۋىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئاللاھقا يېقىنلىشىشنىڭ يولىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. كىشىلەر ئۆزئارا سالاملىشىش ئارقىلىق، ئاللاھتىن ئىنسانغا تىنچلىق ئاتا قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ھەم مېھرىبان ئاللاھ تائالانىڭ تىنچلىق سۆزىنى قارشى تەرەپكە يەتكۈزۈپ ئۇنىڭغا: ”ئاللاھ ساڭا ئامانلىق، رەھمەت، بەرىكەت ئاتا قىلسۇن. سەن مەندىن ئامانلىقتا ئىگە بولغايسەن، مەنمۇ سەندىن ئامانلىقتا ئىگە بولغايمەن“ دېيىش مەقسەت قىلىنىدۇ. شۇڭا ”سالام، مۇسۇلمان“ ۋە ”ئىسلام“ دىن ئىبارەت بۇ ئۈچ خىل سۆز بىر سۆز يىلتىزىدىن چىققان بولغاچقا چوڭقۇر مەنىگە ۋە ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە. يەنى ”ئىسلام“ دېگەنلىك ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن دىن دېگەنلىكتۇر. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ”مۇسۇلمان“لاردۇر. مۇسۇلمان بولسا باشقىلارغا تىنچلىق يەتكۈزىدىغان كىشىلەردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَبِي مُوسَى رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ أَيُّ الْمُسْلِمِينَ أَفْضَلُ؟ قَالَ: مَنْ سَلِمَ الْمُسْلِمُونَ مِنْ لِسانِهِ وَيَدِهِ.] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

**”ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن، ئى رەسۇلۇللاھ، قانداق مۇسۇلمان ئەڭ ئەۋزەل بولىدۇ، دېۋىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: سۆزى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمىگەن كىشى ئەڭ ئەۋزەل مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ.“ (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)**

## سالاملىشىشتىكى ئەدەپ ـ قائىدىلەر

1. سالام بېرىدىغان كىشى بىر بولسىمۇ، سالام بەرگۈچىنىڭ كۆپلۈك

ئىبارىسىنى قوللىنىپ ”ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ“ دېيىشى ۋە سالام قايتۇرغۇچىنىڭمۇ ”ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ“ دەپ جاۋاب قايتۇرۇشى سۈننەتتۇر.

سالاملاشقاندا چوقۇم ئاللاھ تائالا تەلىم بەرگەن ئىبارە بىلەن سالاملىشىش كېرەك. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېگەن:

﴿وَإِذَا حُيِّيْتُم بِتَحِيَّةٍ فَحَيُّواْ بِأَحْسَنَ مِنْهَا أَوْ رُدُّوهَا إِنَّ اللّهَ كَانَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ حَسِيبًا﴾

**﴿سىلەرگە بىر كىشى سالام بەرسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭلار ياكى ئۇنىڭ سالامىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىدىن ھېساب ئالغۇچىدۇر﴾ (4 ـ سۈرە / نىسا 86 ـ ئايەت)**

مەزكۇر ئايەتنىڭ روھىغا ئاساسەن، باشقىلار سالام بەرگەندە ئۇنىڭ سالىمىنى ئەينەن قايتۇرۇش ياكى تېخىمۇ ياخشى سالام سۆزلىرى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش يەنى بىر كىشى ”ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم“ (ئاللاھ ساڭا ئامانلىق ئاتا قىلسۇن) دېگەندە، بىز ”ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ“ (ئاللاھ ساڭىمۇ ئامانلىق، رەھمەت، بەرىكەت ئاتا قىلسۇن) دەپ جاۋاب بەرسەك بولىدۇ. ئەڭ ياخشى جاۋاب قايتۇرۇش ئۇسۇلى بولسا ”ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ“ (ئاللاھ ساڭىمۇ ئامانلىق، رەھمەت، بەرىكەت ئاتا قىلسۇن) دېيىشتۇر. بۇ سالامغا جاۋاب قايتۇرۇشنىڭ ئەڭ يۇكسەك مەقامى. چۈنكى بۇ خىل جاۋاب قايتۇرۇش ۋاجىپقا ئەمەل قىلىش بولۇپلا قالماي، قارشى تەرەپكە ئۇزۇن مۇددەت تىنچلىق، ئامانلىق، بەرىكەت ۋە ھەرخىل ياخشى تىلەك تىلەشنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ يەنە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ھۆرمەت، مېھرىبانلىق ۋە كۆڭۈل بۆلۈشۈش قاتارلىق ئۇقۇملارنى، مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَبِي عُمَارَةَ الْبَرَاءِ بْنِ عَازِبٍ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُمَا قَالَ: أَمَرَنَا رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِسَبْعٍ بِعِيَادَةِ المَرِيضِ، وَاتِّبَاعِ الجَنَائِزِ، وَتَشْمِيتِ العَاطِسِ، وَنَصْرِ الضَّعِيفِ، وَعَوْنِ المَظْلُومِ، وَإِفْشَاءِ السَّلَامِ، وَإِبْرَارِ المُقسِمِ] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

**”ئەبۇ ئۇمارە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:**

رەسۇلۇللاھ بىزنى يەتتە ئىشقا بۇيرىدى، يەنى كېسەل يوقلاش، جىنازىغا ئەگىشىپ قەبرىستانلىققا بېرىش، چۈشكۈرگەن كىشىگە جاۋاب قايتۇرۇش، ئاجىزلارغا ياردەم بېرىش، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلارغا ياردەم بېرىش، سالامنى ئومۇملاشتۇرۇش، قەسەم قىلغۇچىنىڭ قەسىمىنى ئورۇنلىشىغا ياردەم بېرىش." (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس)

[عَنْ عِمْرَانَ بْنِ الْحُصَيْنِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ : جَاءَ رَجُلٌ إِلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ: السَّلاَمُ عَلَيْكُمْ ، فَرَدَّ عَلَيْهِ ثُمَّ جَلَسَ ، فَقَالَ النبيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: عَشْرٌ. ثُمَّ جَاءَ آخَرُ، فَقَالَ: السَّلاَمُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَةُ اللهِ ، فَرَدَّ عَلَيْهِ فَجَلَسَ، فَقَالَ: عِشْرُونَ. ثُمَّ جَاءَ آخَرُ ، فَقَالَ : السَّلاَمُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ ، فَرَدَّ عَلَيْهِ فَجَلَسَ، فَقَالَ: ثَلاثُونَ.] (رَوَاهُ أَبُو دَاوُدَ وَالتِّرْمِذِيُّ)

"ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا سالام قايتۇردى، ئاندىن ئۇ ئادەم ئولتۇردى. رەسۇلۇللاھ: «ئون ساۋاب» دېدى. يەنە بىر كىشى كېلىپ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ» دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا سالام قايتۇردى، ئاندىن ئۇ ئادەم ئولتۇردى. رەسۇلۇللاھ: «يىگىرمە ساۋاب» دېدى. يەنە بىر كىشى كېلىپ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ» دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا سالام قايتۇردى، ئاندىن ئۇ ئادەم ئولتۇردى. رەسۇلۇللاھ: «ئوتتۇز ساۋاب» دېدى.»

2. "ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم" سۆزىنى خۇشخۇي ھالەتتە، باشقىلار ئاڭلىيالىغۇدەك، ئۈنلۈكرەك، توغرا تەلەپپۇز قىلىش.

[عَنْ الْمِقْدَادِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ فِي حَدِيثِهِ قال: كُنَّا نَرْفَعُ لِلنَّبِي صَلّى اللهُ عَلَيْهِ وسَلَّم نَصِيبَهُ مِنَ اللَّبَنِ فَيَجِيئُ مِنَ اللَّيلِ فَيُسَلِّمُ تَسْلِيمًا لايُوقِظُ نَائِمًا وَيُسْمَعُ الْيَقْظَانَ.] (رَوَاهُ مُسْلِم)

"مىقداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ زات مۇنداق دەيدۇ: بىز سۈت ساغقاندا رەسۇلۇللاھنىڭ نېسىۋىسىنى ئېلىپ قوياتتۇق، رەسۇلۇللاھ كېچىلىرى كېلىپ ئۇخلاپ قالغانلار ئويغانمىغۇدەك، ئويغانغانلار ئاڭلىغۇدەك ئاۋاز بىلەن سالام قىلاتتى." (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

3. يىراقتىكى ئۇرۇق تۇغقان، دوست ـ بۇرادەر ۋە قوۋم ـ قېرىنداشلارغا سالام ئېيتىپ قويۇش سۈننەتتۇر. بۇ خىل سالامنى قايتۇرۇش ۋاجىپ بولىدۇ.

[عَنْ غَالِبٍ قَالَ إِنَّا لَجُلُوسٌ بِبَابِ الْحَسَنِ إِذْ جَاءَ رَجُلٌ فَقَالَ حَدَّثَنِي أَبِي عَنْ جَدِّي قَالَ بَعَثَنِي أَبِي إِلَى رَسُولِ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ ائْتِهِ فَأَقْرِئْهُ السَّلَامَ قَالَ فَأَتَيْتُهُ فَقُلْتُ إِنَّ أَبِي يُقْرِئُكَ السَّلَامَ فَقَالَ عَلَيْكَ السَّلَامُ وَعَلَى أَبِيكَ السَّلَامُ.]

**”غالىبتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ، بىز ھەسەن بەسرىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئولتۇراتتۇق، بىر كىشى كېلىپ مۇنداق دېدى: دادام ماڭا بوۋامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەندى: دادام مېنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەۋەتتى ۋە: رەسۇلۇللاھقا مەندىن سالام ئېيتقىن! دېدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ: دادام ئۆزلىرىگە سالام ئېيتتى، دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەلەيكەسسالام ۋە ئەلا ئەبىيكە (ساڭا ۋە داداڭغىمۇ سالام بولسۇن)! دېگەن ئىدى.“ (ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان)**

[ أَنَّ عَائِشَةَ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهَا قَالَتْ : قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: يَا عَائِشَةُ هَذَا جِبْرِيلُ عَلَيْهِ السَّلَامُ وَهُوَ يَقْرَأُ عَلَيْكَ السَّلَامَ. فَقُلْتُ: وَعَلَيْهِ السَّلَامُ وَرَحْمَةُ اللّٰهِ.] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

**”ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەدىس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: ئى ئائىشە، جىبرىئىل ساڭا سالام ئېيتتى، دېۋىدى، مەن: «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ»، دېدىم.“ (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس)**

4. باشقىلاردىن سالام تەمە قىلماستىن، تۆۋەنچىلىك بىلەن ئەڭ ئاۋۋال سالام قىلىۋېتىش.

[عَنْ أَبِي أُمَامَةَ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ قَالَ: قِيلَ: يَا رَسُولَ اللّٰهِ! اَلرَّجُلاَنِ يَلْتَقِيَانِ؛ أَيُّهُمَا يَبْدَأُ بِالسَّلاَمِ؟ فَقَالَ رَسُولُ اللّٰهِ: أَوْلاَهُمَا بِالسَّلاَمِ." (رَوَاهُ التِّرْمِذِيُّ)

**”ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى رەسۇلۇللاھ! ئىككى ئادەم ئۇچرىشىپ قالغاندا قايسىسى بۇرۇن سالام قىلىدۇ؟ دەپ سورالغاندا، رەسۇلۇللاھ: ئۇلاردىن ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىن بولغىنى ئالدى بىلەن سالام قىلىدۇ، دېدى.“ (ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)**

5. سالام بەرگەندە تونۇيدىغان، تونۇمايدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە سالام بېرىش كېرەك. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَنَّ رَجُلًا سَأَلَ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَيُّ الْإِسْلَامِ خَيْرٌ؟ قَالَ: تُطْعِمُ الطَّعَامَ وَتَقْرَأُ السَّلَامَ عَلَى مَنْ عَرَفْتَ وَمَنْ لَمْ تَعْرِفْ.] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

**”ئابدۇللا ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى رەسۇلۇللاھتىن: ئىسلامدا قايسى ئەمەل ياخشى؟ دەپ سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ: كىشىلەرگە تائام بېرىش ۋە تونۇغان، تونۇمىغان كىشىلەرگە سالام قىلىش، دەپ جاۋاب بەردى.“ (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس)**

6. كېتىۋاتقان ئادەم ئاۋۋال سالام قىلىش، ئۇلاغ ۋە قاتناش قوراللىرىدىكىلەر باشقىلارغا ئاۋۋال سالام قىلىش، ئاز سانلىقلار كۆپ سانلىقنىڭ ھەققىگە ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن ئاۋۋال سالام قىلىش سۈننەت ھېسابلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: يُسَلِّمُ الرَّاكِبُ عَلَى المَاشِي، وَالمَاشِي عَلَى الْقَاعِدِ، وَالْقَلِيلُ عَلَى الكَثِيرِ.] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

**”ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ئۇلاقلىق ئادەم پىيادە ماڭغۇچى ئادەمگە، ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار ئولتۇرغانلارغا، ئاز سانلىق كۆپ سانلىققا سالام بەرسۇن.“ (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس)**

چۈنكى بۇنداق قىلىش ئۇلاغقا مىنگۈچىنى ئۆزىنى قالتىس چاغلاشتىن يىراق قىلىدۇ. ئۇنى مەرتىۋىسى ۋە بايلىقىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى ھەم كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر داۋاملىق كەمتەرلىك، مىننەتدارلىق تۇيغۇسىدا بولىدىغان، ئاجىزلارغا كۆيۈنىدىغان بولۇشقا يېتەكلەيدۇ.

7. ياشتا كىچىكلەر چوڭلارغا ئاۋۋال سالام بېرىشى كېرەك. چوڭلارنىڭ كىچىكلەرگە سالام قىلىشى توغرىسىدا كۆپ قىسىم ئۆلىمالار ”سالام قىلىش سالام قىلماسلىقتىن ئەۋزەلدۇر“ دەپ قارايدۇ.

[عَنْ أَنَسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّهُ مَرَّ عَلَى صِبْيَانٍ فَسَلَّمَ عَلَيْهِمْ، وقال: كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَفْعَلُهُ.] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

**”ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ كىچىك بالىلارنىڭ يېنىدىن**

**ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇلارغا سالام بېرەتتى ۋە رەسۇلۇللاھ مۇشۇنداق قىلاتتى، دەيتتى.“ (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس)**

رەسۇلۇللاھنىڭ كىچىك بالىلارغا سالام بېرىشى بىر جەھەتتىن رەسۇلۇللاھنىڭ كىچىك بالىلارنى ئىززەتلەيدىغان، ئاسرايدىغان ئالىيجاناب پەزىلىتىنى ئەكس ئەتتۈرسە، يەنە بىر جەھەتتىن چوڭلارنى كىچىك بالىلارغا سالام بېرىشكە، بالىلارغا ئۈلگە بولۇپ، بالىلارنى چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، باشقىلارغا ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشتەك ياخشى پەزىلەت، ياخشى ئەخلاق يېتىلدۈرۈشكە يېتەكلەشنى مەقسەت قىلىدۇ.

8. كۆرۈشكەندە ئامال بار قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش كېرەك. چۈنكى، قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندە كۆرۈشكۈچىلەرنىڭ گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنِ الْبَرَاءِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: مَا مِنْ مُسْلِمَيْنِ يَلْتَقِيَانِ فَيَتَصَافَحَانِ إِلاَّ غُفِرَ لَهُمَا قَبْلَ أَنْ يَفْتَرِقَا.] (رَوَاهُ أَبُو دَاوُدَ)

**”بەرائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ئىككى مۇسۇلمان ئۇچرىشىپ قول ئېلىشىپ سالاملاشسىلا ئۇلار ئايرىلىشتىن بۇرۇن گۇناھى كەچۈرۈلىدۇ.“**

9. سورۇندىن ياكى سۆھبەتداشلىرىدىن ئايرىلغاندا سالام بېرىپ خوشلىشىش سۈننەتتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: إِذَا انْتَهَى أَحَدُكُمْ إِلَى المَجْلِسِ فَلْيُسَلِّمْ، فَإِذَا أَرَادَ أَنْ يَقُومَ فَلْيُسَلِّمْ، فَلَيْسَتِ الأُولَى بِأَحَقَّ مِنَ الآخِرَةِ.] (رَوَاهُ أَبُو دَاوُدَ وَالتِّرْمِذِيُّ)

**”ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىرەرسىڭلار بىرەر سورۇنغا بارسا سالام قىلسۇن، سورۇندىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولسىمۇ، سالام قىلسۇن، كېيىنكى سالام ئالدىنقى سالامغا قارىغاندا تېخىمۇ تېگىشلىكتۇر.“ (ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)**

10. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قايتا ـ قايتا ئۇچراشسىمۇ قايتا سالام قىلىش كېرەك.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: إِذَا لَقِيَ أَحَدُكُمْ أَخَاهُ فَلْيُسَلِّمْ عَلَيْهِ، فَإِنْ حَالَتْ بَيْنَهُمَا شَجَرَةٌ أَو جِدَارٌ أَوْ حَجَرٌ ثُمَّ لَقِيَهُ فَلْيُسَلِّمْ عَلَيْهِ.] (رَوَاهُ أَبُو دَاوُدَ)

**”ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: قاچانكى بىرەرسىڭلار بۇرادىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا، ئۇنىڭغا سالام قىلسۇن، گەرچە ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى دەرەخ، ياكى تام، ياكى يوغان تاش ئايرىۋېتىپ قايتا ئۇچراشقان بولسىمۇ سالام بەرسۇن.“ (ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان)**

11. ئۆزىنىڭ ئۆيى بولسۇن ياكى باشقىلارنىڭ ئۆيى بولسۇن ئۆيگە كىرىشتىن ئاۋۋال سالام قىلىپ كىرىش، ناۋادا باشقىلارنىڭ ئۆيىگە كىرمەكچى بولسا ئىجازەت سوراش، ئۆي ئىچىدىكىلەرنىڭ ”كىم؟“ دەپ سورىغان سوئالىغا ئىسمىنى دېيىش، ناۋادا رۇخسەت قىلىنمىسا قايتىپ كېتىش سۈننەت ئەمەللەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېگەن:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ ءَامَنُوا لَا تَدْخُلُوا بُيُوتًا غَيْرَ بُيُوتِكُمْ حَتَّى تَسْتَأْنِسُوا وَتُسَلِّمُوا عَلَى أَهْلِهَا ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ فَإِن لَّمْ تَجِدُوا فِيهَا أَحَدًا فَلَا تَدْخُلُوهَا حَتَّى يُؤْذَنَ لَكُمْ وَإِن قِيلَ لَكُمُ ارْجِعُوا فَارْجِعُوا هُوَ أَزْكَى لَكُمْ وَاللهُ بِمَا تَعْمَلُونَ عَلِيمٌ لَّيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَن تَدْخُلُوا بُيُوتًا غَيْرَ مَسْكُونَةٍ فِيهَا مَتَاعٌ لَّكُمْ وَاللهُ يَعْلَمُ مَا تُبْدُونَ وَمَا تَكْتُمُونَ﴾

**”ئى مۆمىنلەر! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئىجازەت سورىماي ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمەي كىرمەڭلار، بۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئۈمىدكى، سىلەر (ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى بىلىپ) نەسىھەت ئالغايسىلەر. ئەگەر باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىدە ھېچ ئادەم بولمىسا، سىلەرگە ئىجازەت بېرىلمىگۈچە كىرمەڭلار، ئەگەر سىلەرگە قايتىڭلار دېيىلسە، دەرھال قايتىپ كېتىڭلار. قايتىپ كېتىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. تۇرالغۇ بولمىغان، ئىچىدە نەرسە ـ**

**كىرەكلىرىڭلار بار ئۆيلەرگە (هاجىتىڭلار چۈشۈپ، سالام قىلماي، ئىجازەت سورىماي) كىرسەڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوقتۇر. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاشكارىلىغىنىڭلارنىمۇ، يوشۇرغىنىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ﴾ (24 ـ سۈرە / نۇر 27~29 ـ ئايەت)**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق بايانلار كەلگەن:

[عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا يَقُولُ أَتَيْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي دَيْنٍ كَانَ عَلَى أَبِي فَدَقَقْتُ الْبَابَ فَقَالَ مَنْ ذَا فَقُلْتُ أَنَا فَقَالَ أَنَا أَنَا كَأَنَّهُ كَرِهَهَا.]

**"جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ زات مۇنداق دېگەن: مەن دادامنىڭ گەدىنىدىكى قەرز توغرۇلۇق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئىشىكنى قاقتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: كىم بولىسەن؟ دەپ سورىغانىدى، مەن: مەن، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزۈمدىن خاپا بولغاندەك: مەن؟ مەن؟! دېدى." (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان)**

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَإِذَا دَخَلْتُم بُيُوتًا فَسَلِّمُوا عَلَىٰ أَنفُسِكُمْ تَحِيَّةً مِّنْ عِندِ اللهِ مُبَارَكَةً طَيِّبَةً﴾

**﴿سىلەر ئۆيلەرگە كىرگەن چېغىڭلاردا ئۆزۈڭلارغا ئاللاھ بەلگىلىگەن مۇبارەك، پاك سالامنى بېرىڭلار (يەنى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەڭلار)﴾ (24 ـ سۈرە / نۇر 61 ـ ئايەت)**

يەنى بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى ئۆيگە كىرگەندە ئۆيدىكى كىشىلەرگە سالام بېرىش لازىملىقىنى مەقسەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا مۇنداق تەلىم بېرەتتى:

[عَنْ كَلَدَةَ بْنِ الحَنْبَلِ الصَّحَابِيِّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قال: أَتَيْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَدَخَلْتُ عَلَيْهِ وَلَمْ أُسَلِّمْ فَقَالَ النَّبِيُّ: ارْجِعْ فَقُلْ: السَّلَامُ عَلَيْكُمْ أَ أَدْخُلُ؟] (رَوَاهُ التِّرْمِذِيُّ)

**"كەلدە ئىبنى ھەنبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا سالام قىلماي كىرگەنتىم، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى: قايتىپ چىقىپ كەتكىن ۋە ‹ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، كىرەيمۇ؟› دېگىن." (ئىمام تىرمىزي رىۋايەت قىلغان)**

ئۆيگە كىرگەندە ئۆيدىكىلەرگە سالام بېرىش ئائىلىگە بەرىكەت تىلەش بولىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أنسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ : قَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: يَا بُنَيَّ، إِذَا دَخَلْتَ عَلَى أَهْلِكَ، فَسَلِّمْ، يَكُنْ بَرَكَةً عَلَيْكَ، وعَلَى أَهْلِ بَيْتِكَ.] (رَوَاهُ التِّرْمِذِيُّ)

**”ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ماڭا مۇنداق دېدى: ئى ئوغلۇم، ئەگەر ئۆيۈڭگە كىرسەڭ سالام قىلىپ كىرگىن. بۇ قىلغىنىڭ سەن ئۈچۈن ۋە ئائىلەڭ ئۈچۈن بەرىكەت بولىدۇ.“ (ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)**

بۇنىڭدىن باشقا رەسۇلۇللاھ كىشىلەرنى ئۆيگە قايتقاندا، ئۆيدىكىلەرگە سالام بېرىش، بۇ ئارقىلىق ئۇرۇق تۇغقان ۋە يېقىنلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا ھۆرمەت ۋە ئىناقلىقنى ئىپادىلەشكە بۇيرۇيدۇ. ئەگەر ئۆيدە، مەسچىتتە ياكى مەلۇم ئورۇندا ئادەم بولمىغاندا، كىرگۈچى «اَلسَّلاَمُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللهِ الصَّالِحِينَ» **(ئاللاھنىڭ ئامانلىقى بىزگە ۋە ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىلىرىگە بولغاي)** دەپ سالام قىلىشى كېرەك. چۈنكى پەرىشتىلەر بىزنىڭ سالىمىمىزنى ئىلىك ئالىدۇ. كىمكى بۇنداق دېسە پەرىشتىلەر بىلەن بىرگە ئاللاھنىڭ ساۋابىغا ئېرىشەلەيدۇ.

12. ئەر-ئاياللار يىتىندىن ساقلىنالىسا بىر-بىرىگە سالام بېرىش كېرەك.

[عَنْ أَسْمَاءَ بِنْتِ يَزِيدَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: مَرّ عَلَيْنَا النّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي نِسْوَةٍ فَسَلَّمَ عَلَيْنَا] (رواه أَبُو دَاوُدَ وَالتِّرْمِذِيُّ)

**”ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىز بىر نەچچە ئايالنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىزگە سالام بەردى.“ (ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان)**

13. يەھۇدى، ناسارالارغا سالام قىلىشتا بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئىشلار.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَنَسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: إِذَا سَلَّمَ عَلَيْكُمْ أَهْلُ الكِتَابِ فَقُولُوا: وَعَلَيْكُمْ.] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

**”ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ئەگەر بىرەر ئەھلى كىتاب سىلەرگە سالام بەرسە،‹ ۋەئەلەيكۇم› دەڭلار.“ (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس)**

ئارىلاش سورۇندىكىلەرگە سالام بېرىشتە مۇسۇلمانلارغا قارىتىپ، ئۇلارنى

مەقسەت قىلىپ سالام بەرسە بولىدۇ.

[عَنْ أُسَامَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَرَّ عَلَى مَجْلِسٍ فِيهِ أَخْلَاطٌ مِنَ الْمُسْلِمِينَ وَالْمُشْرِكِينَ عَبَدَة الأَوْثَانِ واليَهُودِ فَسَلَّمَ عَلَيْهِم النبيُّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ.] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

**”ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمان، بۇددىست، يەھۇدىلار ئارىلاش ئولتۇرغان يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇلارغا سالام قىلدى.“**

دېمەك، يۇقىرىقى ھەدىستە مۇسۇلمانلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا سالام بېرىپ قالماي، مۇسۇلمان ئەمەسلەرگىمۇ سالام بېرىدىغانلىقىمىز قەيىت قىلىنغان.

14. قەبرە يوقلىغۇچىلارنىڭ ئۆلگەنلەرگە سالام بېرىشى سۈننەتتۇر.

قەبرىستانلىققا بارغاندا مۇنداق دەپ سالام بېرىلىدۇ:

«اَلسَّلَامُ عَلَيْكُمْ أَهْلَ الدِّيَارِ مِنَ الْمُؤْمِنِيْنَ وَالْمُسْلِمِيْنَ وَإِنَّا إِنْ شَاءَ اللهُ بِكُمْ لَاحِقُوْنَ أَسْأَلُ اللهَ لَنَا وَلَكُمُ الْعَافِيَةَ»

**”مۆمىن مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئى قەبرە ئەھلى! سىلەرگە سالام! ئاللاھ بىزنى ۋە سىلەرنى ئەپۇ قىلغاي، سىلەر بىزدىن بۇرۇن كەلگۈچىلەر، پات يېقىندا بىزمۇ سىلەرگە ئەگىشىپ كېلىمىز.“ (ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).**

ئۇنىڭدىن باشقا سالامنىڭ ئىلمى بولۇشىغا، سالامنى چاقچاققا ئايلاندۇرۇۋالماسلىققا، باشقىلارغا سالام قىلىش جەريانىدا خاتالىقنىڭ كۆرۈلمەسلىكىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا بۇ كۆرسەتمىلەر ئىشىنىمىزكى كىشىلەرگە سالامنىڭ روھىنى تولۇق ئۆگىتىپ، ھەر قانداق ۋاقىتتا، ھەر قانداق ئادەمگە سالام بېرىشنى ئۆگىتىدۇ.

## سالاملىشىشتا مەكرۇھ ھېسابلىنىدىغان ئىشلار قايسى؟

1) سالام قىلغاندا بېشىنى ئېگىۋېلىش ۋە ياكى بەك غادىيىۋېلىش مەكرۇھ سانىلىدۇ.

2) ئاغزاكى سالام سۆزىنى دېمەي قولى بىلەنلا ئىشارەت سالام قىلىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ سالاملىشىش مەكرۇھ ھېسابلىنىدۇ.

3) چىرايىنى تۈرۈپ قوپال تەلەپپۇز بىلەن سالاملىشىش مەكرۇھ سانىلىدۇ.

4) ”ئەسساالامۇ ئەلەيكۇم“ دېگەن سالام كەلىمىسىنى بۇزۇپ باشقىچە لەۋزىگە ئۆزگەرتىپ سالام بېرىش مەكرۇھ. مەسىلەن: ”سام ئەلەيكۇم“ دېگەندەك. چۈنكى ”سام ئەلەيكۇم“ نىڭ مەنىسى ”ساڭا ئۆلۈم بولسۇن“ دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا سالامنى توغرا تەلەپپۇز قىلمىغاندا ھەر خىل خاتا مەنادا چىقىپ قېلىشى مۇمكىن.

5) سالام قىلغۇچىنىڭ ”ئەلەيكەسسالام“ دەپ سالام قىلىشى مەكرۇھ.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَبِي جُرَيٍّ الْهُجَيْمِيِّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: أَتَيْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقُلْتُ: عَلَيْكَ السَّلَامُ يَا رَسُولَ اللهِ. قَالَ: لا تَقُلْ عَلَيْكَ السَّلامُ ، فَإِنَّ عَلَيْكَ السَّلامُ تَحِيَّةُ الْمَوْتَى.] (رَوَاهُ أَبُو دَاودَ)

**”ئەبۇ جۇرەييە ھۇجەيمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ئەلەيكەسسالام ئى رەسۇلۇللاھ، دېسەم. رەسۇلۇللاھ: ئەلەيكەسسالام دېمە، ئەلەيكەسسالام دېگەن ئۆلۈكلەرگە قىلىنىدىغان سالام، دېدى.“ (ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)**

6) ناماز ئۆتەۋاتقان، قۇرئان ئوقۇۋاتقان، بېرىلىپ دۇئا قىلىۋاتقان، ئەزان تەكبىر ئېيتىۋاتقان، ئىشتىھا بىلەن تاماق يەۋاتقان، يۇيۇنۇۋاتقان ۋە شۇنىڭدەك سالامنى ئىلىك ئېلىش ئىمكانىيىتى بولمىغان كىشىلەرگە سالام قىلىش مەكرۇھ ھېسابلىنىدۇ.

7) چوڭ-كىچىك تاھارەت قىلىۋاتقان، ئۇخلاۋاتقان، بىھوش ياكى بەك مۇگدەپ كەتكەن كىشىلەرگە سالام قىلىش مەكرۇھ ھېسابلىنىدۇ.

8) ئىمام جۇمە خۇتبىسى ئوقۇۋاتقاندا جامائەتكە سالام قىلىپ مەسچىتكە كىرىش مەكرۇھ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بارلىق جامائەت خۇتبىنى تىڭشاشقا ئەمرى قىلىنغان.

9) نامازغا تەكبىر ئېيتىلىپ، جامائەت نامازغا تۇرغاندا ئۇنلۇك ئاۋازدا سالام قىلىپ نامازگاھقا كىرىش مەكرۇھ ھېسابلىنىدۇ.

## سالاملىشىشنىڭ ئەھمىيىتى

ئۆز ئارا سالاملىشىشنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن كۆپ، بولۇپمۇ سالاملىشىش

مۇســۇلمانلار ئارىســىدا ئىتتىپاقلىقنى بەرپا قىلىشــتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. شــۇ ســەۋەبتىن ئۆزئارا ســالام بەرگەنلىك ئىتتىپاقلىققا ئەھمىيەت بەرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ.

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: لاَ تَدْخُلُوا الجَنَّةَ حَتَّى تُؤْمِنُوا، وَلاَ تُؤْمِنُوا حَتَّى تَحَابُّوا، أَوَلاَ أَدُلُّكُمْ عَلَى شَيْءٍ إِذَا فَعَلْتُمُوهُ تَحَابَبْتُمْ؟ أَفْشُوا السَّلاَمَ بَيْنَكُمْ.] (رَوَاهُ مُسْلِم)

**"ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر مۆمىن بولمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، بىر-بىرىڭلارنى ياخشى كۆرمىگىچە مۆمىن بولالمايسىلەر، سىلەرنى ئۇنى قىلساڭلار بىر-بىرىڭلارنى ياخشى كۆرىدىغان بىر ئىشقا باشلاپ قويمايمۇ؟ سىلەر ئاراڭلاردا سالامنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار." (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

ئۆزئارا ســالاملىشــىش كىشــى بىلەن كىشــى ئارىســىدا ئالاقە ســەھنىســى ئورنىتىشــنىڭ ئاساســىدۇر. ئۇ دوستلۇق، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشنىڭ ۋاستىسى ۋە ئەقىدە بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر ياخشى ئەمەل ھېسابلىنىدۇ.

ســىلىق-ســىپايە ئېيتىلغان بىر ســالام ناتونۇشــلار ئارىســىدىكى ئارازلىق ۋە زىددىيەتنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن:

[عَنْ أَبِي أَيُّوبِ رَضِىَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قال: لاَ يَحِلُّ لِمُسْلِمٍ أَنْ يَهْجُرَ أَخَاهُ فَوْقَ ثَلاَثِ لَيَالٍ، يَلْتَقِيَانِ فَيُعْرِضُ هَذَا وَيُعْرِضُ هَذَا وَخَيْرُهُمَا الَّذِي يَبْدَأُ بِالسَّلاَمِ] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

**"ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەســەللەم ســاھابىلىرىگە تەلىم بېرىپ مۇنداق دېگەن: بىر ئادەمنىڭ دىنىي قېرىندىشــىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇپ، بىر-بىرىگە تەتۈر قاراپ يۈرۈشــى دۇرۇس ئەمەس، قايســىسى ئالدى بىلەن سالام بەرســە، ئەنە شۇ ئۇلارنىڭ ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ." (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس)**

ســالام ســۆزى جەننەت ئەھلىنىڭ ئامانلىق تىلەش ســۆزى بولۇپلا قالماي، يەنە ئاللاھنىڭ ئۆز بەندىلىرىگە ئامانلىق ئاتا قىلىدىغان ســۆزىدۇر. «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىلىدۇركى:

﴿تَحِيَّتُهُمْ يَوْمَ يَلْقَوْنَهُ سَلَامٌ وَأَعَدَّ لَهُمْ أَجْرًا كَرِيمًا﴾

**﴿ئۇلار ئاللاھقا مۇلاقات بولغان كۈندە ئۇلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن يوللىنىدىغان تەبرىك سۆزى «سالام» دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا ئېسىل مۇكاپات تەييارلىدى﴾ (33 ـ سۈرە / ئەھزاب 44 ـ ئايەت)**

﴿سَلَامٌ قَوْلًا مِن رَّبٍّ رَّحِيمٍ﴾

**﴿مېھرىبان پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇلارغا سالام دېيىلىدۇ﴾ (36 ـ سۈرە / ياسىن 58 ـ ئايەت)**

تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ مەڭگۈلۈك ئېھتىياجى، ئىنسانلار دۇنياسى تەقەززالىق ئىشتىياقى بىلەن ئۈمىد قىلىدىغان نىشاندۇر. ئاللاھ تائالادىن بىزنى كىشىلەر ئارىسىدا سالامدىن ئىبارەت تىنچلىق روھىنى تارقىتىشقا مۇيەسسەرنى قىلىشنى، كىشىلەر بىلەن دوستانە ئىناق، ئىتتىپاق ئۆتۈپ، جېدەل ـ ماجىرا ۋە زىددىيەتلەرنى تۈگىتىشكە نېسىپ قىلىشنى تىلەيمىز. ئاللاھ تائالا ھەممىمىزگە تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك ئاتا قىلسۇن. ئامىن! دىيارىمىزنى خاتىرجەم، تىنىچ ئامان قىلسۇن. خەلقىمىزنى بەختلىك تۇرمۇشتا قىلسۇن! ئاخىردا خۇتبىمىزنى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتى كەرىمى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمىز.

﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ يَهْدِيهِمْ رَبُّهُم بِإِيمَانِهِمْ تَجْرِي مِن تَحْتِهِمُ الْأَنْهَارُ فِي جَنَّاتِ النَّعِيمِ دَعْوَاهُمْ فِيهَا سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ وَتَحِيَّتُهُمْ فِيهَا سَلَامٌ وَآخِرُ دَعْوَاهُمْ أَنِ الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾

**﴿ شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ ئىمانى سەۋەبىدىن، پەرۋەردىگارى ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان نازۇنېمەتلىك جەننەتلەرگە باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى دۇئاسى :« ئى رەببىمىز! بىز سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز» دېيىشتىن، ئۇلارنىڭ جەننەتتە (بىر ـ بىرىگە) بېرىدىغان سالىمى: «ئامان بولغايسەن» دېيىشتىن، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنىڭ ئاخىرى :«بارلىق ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر!» دېيىشتىن ئىبارەت بولىدۇ﴾ (10 ـ سۈرە / يۇنۇس 9 ـ ، 10 ـ ئايەت)**

# گۇناھ ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا

﴿تَبَارَكَ الَّذِي جَعَلَ فِي السَّمَاءِ بُرُوجًا وَجَعَلَ فِيهَا سِرَاجًا وَقَمَرًا مُنِيرًا﴾ أَحْمَدُهُ -تَعَالَى- وَأَسْتَعِينُهُ وَأَسْتَهْدِيهِ، وَنَعُوذُ بِاللهِ مِنْ شُرُورِ أَنْفُسِنَا وَمِنْ سَيِّئَاتِ أَعْمَالِنَا، مَنْ يَهْدِهِ اللهُ فَهُوَ الْمُهْتَدُ، وَمَنْ يُضْلِلْ فَلَنْ تَجِدَ لَهُ وَلِيًّا مُرْشِدًا، وَأَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلٰهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ، صَلَوَاتُ رَبِّي وَسَلاَمُهُ عَلَيْهِ وَعَلَى آلِهِ وَصَحْبِهِ وَسَلَّمَ تَسْلِيمًا كَثِيرًا . أَمَّا بَعْدُ:

**﴿ئاسماندا بۇرجلارنى، يېنىپ تۇرىدىغان چىراغ (يەنى قۇياش) نى ۋە نۇرلۇق ئاينى ياراتقان ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر﴾ (25 ـ سۈرە / فۇرقان 61 ـ ئايەت)** مەن ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىمەن، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەيمەن، ئۇنىڭدىن ھىدايەت تەلەپ قىلىمەن. بىز ئاللاھقا سېغىنىپ كۆڭۈللىرىمىزدە كەچكەن ئوي ـ ھەۋەسلىرىمىزنىڭ يامانلىقلىرىدىن، ئەمەللىرىمىزدە كۆرۈلگەن يامان قىلمىشلاردىن پاناھ تىلەيمىز. **﴿ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلىدىكەن، ئۇ ھەقىقي ھىدايەت تاپقۇچىدۇر، ئاللاھ كىمنى گۇمراھلىقتا قويىدىكەن سەن ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىدىغان يېقىن كىشىنى ھەرگىز تاپالمايسەن﴾ (18 ـ سۈرە / كەھف 17 ـ ئايەت)** گۇۋاھلىق بېرىمەنكى: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى. پەرۋەردىگارىمىزنىڭ مەرھەمەتلىرى ۋە سالامى ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە، ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە بولسۇن، كۆپتىن كۆپ ئامانلىق بولسۇن.

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك جامائەتلەر!

ئىسلام دىنىمىز ئىنسانلارنى مېھرىبان ئىگىمىز ئاللاھنى ھەقىقى رەۋىشتە تونۇشقا يېتەكلەپ، دىنىمىز كۆرسىتىپ بەرگەن توغرا يول ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ بۇ دۇنيادا خاتىرجەم، بەخت ـ سائادەتلىك ھايات كەچۈرۈشىنى، ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىپ مەڭگۈلۈك جەننەتكە كىرىشىمىزنى مەقسەت قىلىدۇ.

شۇڭلاشقا ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە بارچە ياخشى ئىشلارنى بايان

قىلغان ۋە ئۇنى قىلىشقا بۇيرۇغان، بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿وَمَا تَفْعَلُواْ مِنْ خَيْرٍ فَإِنَّ اللّهَ بِهِ عَلِيمٌ﴾

**﴿سىلەر قانداقلا ياخشىلىق قىلساڭلار، ئاللاھ ئۇنى ھەقىقەتەن بىلىپ تۇرىدۇ﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 215 ـ ئايەت)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ھەر قانداق چوڭ ـ كىچىك ياخشىلىق بولسۇن ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئىش ـ ھەرىكىتى ۋە مۇبارەك ھەدىسلىرى ئارقىلىق بىزگە تەلىم بەرگەن ۋە ئۇنى قىلىشقا ئۈندىگەن.

[عَنْ أَبِي ذَرٍّ رَضِىَ اللّهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ لِيَ النَّبِيُّ صَلَّى اللّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: لَا تَحْقِرَنَّ مِنَ الْمَعْرُوفِ شَيْئًا وَلَوْ أَنْ تَلْقَى أَخَاكَ بِوَجْهٍ طَلْقٍ.]

**”ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: ياخشىلىقلار ئىچىدىكى بۇرادىرى بىلەن خۇش چىراي كۆرۈشۈش چاغلىق ئىشىنىمۇ كىچىك چاغلىمىغىن.“ (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

بۇنىڭدىن باشقا مېھرىبان ئىگىمىز ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھەرقانداق بىر يامان ئىشنى مەيلى ئۇ چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن ئۇنى بايان قىلغان ۋە ئۇنى قىلىشتىن توسقان. شۇڭا ئىسلام ئۆلىمالىرى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى بەش ئىشقا يىغىنچاقلىغان. ئىمام غەززالى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ”ئىسلام شەرىئىتىنىڭ مەقسىتى بەشتۇر، ئۇ بولسىمۇ ئىسلام شەرىئىتى ئىنسانلارنىڭ دىنىنى، جېنىنى، ئەقلىنى ۋە نەسلىنى ھەم مال ـ مۈلكىنى قوغدايدۇ.“ شۇ سەۋەبتىن يەنە شۇنداق دېيىشكە بولۇدىكى مۇشۇ بەش مەقسەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، شەرىئەت بۇيرىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ياخشىلىقتۇر. مانا بۇ مەقسەتلەرگە زىت بولغان ھەرقانداق ئىش گۇناھتۇر.

قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، گۇناھ ئاللاھ تائالا ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى چەكلىگەن ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. گۇناھ مەيلى چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن ئۇنىڭ زىيىنى ھەرگىز گۇناھ قىلغۇچى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي،

بەلكى ئەتراپتىكى كىشىلەرگە ۋە ئۇچار قۇش، جان ـ جانىۋارلارغا، ھەتتا مۇھىتقىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

گۇناھلار چوڭ جەھەتتىن چوڭ گۇناھ ۋە كىچىك گۇناھ دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

﴿إِن تَجْتَنِبُواْ كَبَآئِرَ مَا تُنْهَوْنَ عَنْهُ نُكَفِّرْ عَنْكُمْ سَيِّئَاتِكُمْ وَنُدْخِلْكُم مُّدْخَلاً كَرِيمًا﴾

**﴿ئەگەر سىلەر مەنئى قىلىنغان چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانساڭلار كىچىك گۇناھلىرىڭلارنى يوقفا چىقىرىمىز ۋە سىلەرنى ئېسىل ماكانغا (يەنى جەننەتكە) كىرگۈزىمىز﴾ (4 ـ سۈرە / نىسا 31 ـ ئايەت)**

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: اِجْتَنِبُوا السَّبْعَ الْمُوبِقَاتِ، قَالُوا: يَا رَسُولَ اللهِ، وَمَا هُنَّ؟ قَالَ: «الشِّرْكُ باللهِ، وَالسِّحْرُ وَقَتْلُ النَّفْسِ الَّتِي حَرَّمَ اللهُ إلاَّ بِالحقِّ، وَأَكْلُ الرِّبَا، وَأَكْلُ مَالِ الْيَتِيمِ ، وَالتَّوَلِّي يَوْمَ الزَّحْفِ، وَقَذْفُ المُحْصَنَاتِ المُؤْمِنَاتِ الْغَافِلاَتِ.] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

**”ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: يەتتە خىل ھالاكەتكە تاشلايدىغان گۇناھتىن ساقلىنىڭلار، دېگەندە، ساھابىلەر: ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇلار قايسى گۇناھلار؟، دەپ سورىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھرىگەرلىك قىلىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، جازانىخورلۇق قىلىش، يېتىمنىڭ مېلىنى يېيىش، جەڭ مەيدانىدىن قېچىش، ئىپپەتلىك، پاك مۇسۇلمان ئاياللارغا بوھتان چاپلاش.“ (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس)**

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەتتە تۈرلۈك چوڭ گۇناھنى بايان قىلغان بولۇپ، بۇ گۇناھلار بەندىنى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراقلاشتۇرىدىغان، ئاللاھنىڭ قاتتىق ئازابىغا دۇچار قىلىدىغان، ئىنسانىيەتكە كەلتۈرگەن زىيىنى ئىنتايىن چوڭ بولغان گۇناھلاردۇر.

بىز تۆۋەندە بۇ يەتتە تۈرلۈك چوڭ گۇناھ توغرىسىدا تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىمىز:

1. ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش (الشِّرْك باللهِ)

ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ئاللاھ ھەرگىز كەچۈرمەيدىغان ئەڭ ئېغىر گۇناھتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ اللَّهَ لاَ يَغْفِرُ أَن يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَلِكَ لِمَنْ يَشَاءُ وَمَن يُشْرِكْ بِاللَّهِ فَقَدِ افْتَرَى إِثْمًا عَظِيمًا﴾

**﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن ئۇ چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ﴾ (4 ـ سۈرە / نىسا 48 ـ ئايەت)**

”شېرىك“ سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى: بىرەر نەرسىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىدىن تەڭ بەھرىمان بولىدىغان، ھەمكارلىشىپ، ياردەملىشىپ بىرلىكتە ئىشلەيدىغان كىشىلەر، دېگەن مەنىدە. ”شېرىك“ نىڭ شەرىئەت ئىستىلاھىدىكى مەنىسى بولسا: ئاللاھقىلا قىلىنىدىغان قۇلچىلىقنى باشقا بىر شەيئىگە قىلىشنى، ياكى ئاللاھتىن باشقىنى ئاللاھنى ئۇلۇغلىغاندەك ئۇلۇغلاشنى ۋە ياكى ئاللاھتىن باشقا بىرسىنى ئاللاھقىلا خاس بولغان مەلۇم بىر سۈپەت بىلەن سۈپەتلەشنى كۆرسىتىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىنسانىنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈردى، ئەقىل ۋە تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى بېرىپ ئۇنى بارلىق مەخلۇقاتلاردىن ئۈستۈن قىلدى. ھەرخىل نېمەتلەردىن رىزىقلاندۇردى. ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر. ھېچقانداق نەرسە ئاللاھقا تەڭداش بولالمايدۇ ۋە ئاللاھتىن بىھاجەت بولالمايدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق بىر بەندىنىڭ ئۆزىنى ياراتقان پەرۋەردىگارىنى تونۇماسلىقى، ئىنكار قىلىشى، قىيىنچىلىقتا يولۇققاندا ئاللاھتىن باشقىدىن ياردەم سورىشى، ئۇلۇغلەردىن، جىنلاردىن مەدەت تىلىشى، ئىبادەتنى ئۆزىنى ياراتقان ئاللاھقا ئەمەس بەلكى بۇتلارغا ياكى دەرەخلەرگە، ياكى شەخسلەرگە قىلىشى، پالچى ـ داخانلارغا ئىشىنىپ ئۆز تەقدىرى ۋە كەلگۈسىنى بىر مەخلۇققا باغلاپ قويۇشى، رىزىقنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنىڭ ئاجىزلىقىدىن باشقا بىراۋدىن رىزىق كۈتۈشى، ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز بەندىگە ھېچقانداق زىيان زەخمەت ياكى پايدا مەنپەئەتنىڭ يەتمەيدىغانلىقىغا چىن ئىشەنمەسلىكى، ئاللاھنىڭ غەيرى ئۇچۇن مال بوغۇزلاش، ھەرخىل تۇمار ياكى كۆز مونچاق، ھوشۇق دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېسىۋېلىپ شۇلاردىن ئۆزىگە ئامان ـ ئېسەنلىك، خاتىرجەملىك كېلىدۇ، دەپ ئىشىنىشى قاتارلىق ئىشلارنىڭ

ھەممىسى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە لۇقماننىڭ ئوغلىغا قىلغان ۋەسىيىتىنى مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق دېگەن:

﴿لَا تُشْرِكْ بِاللّٰهِ إِنَّ الشِّرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيمٌ﴾

**﴿ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگىن، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر﴾ (31 ـ سۈرە / لۇقمان 13 ـ ئايەت)**

ئىسلام دىنىدا توغرا ئەقىدە تۇرغۇزۇش ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئەگەر ئەقىدە خاتا بولۇپ قالسا، قىلغان بارلىق ياخشى ئەمەللىرىمىزمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

﴿لَئِنْ أَشْرَكْتَ لَيَحْبَطَنَّ عَمَلُكَ وَلَتَكُونَنَّ مِنَ الْخَـٰسِرِينَ﴾

**﴿ئەگەر سەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەلىڭ ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ، سەن ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن﴾ (39 ـ سۈرە / زۇمەر 65 ـ ئايەت)**

ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش: چوڭ شېرىك (اَلشِّرْكُ الْأَكْبَرُ)، كىچىك شېرىك (اَلشِّرْكُ الْأَصْغَرُ) دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ:

چوڭ شېرىك دېگىنىمىز: ئەقىدىدىكى شېرىك بولۇپ، ئىنساننى دىندىن چىقىرىۋېتىدىغان گۇناھتۇر. ئۇ مەخلۇقاتلارنى ئىبادەتتە ۋە باشقا جەھەتلەردە ئاللاھ بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇشتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

﴿وَمِنَ النَّاسِ مَن يَتَّخِذُ مِن دُونِ اللّٰهِ أَندَاداً يُحِبُّونَهُمْ كَحُبِّ اللّٰهِ﴾

**﴿بەزى ئادەملەر ئاللاھتىن باشقىلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالىدۇ، ئۇلارنى ئاللاھنى دوست تۇتقاندەك دوست تۇتىدۇ﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 165 ـ ئايەت)**

[عَنْ عَبْدِ اللّٰهِ بْنِ مَسْعُودٍ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ قَالَ: قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّٰهِ، أَيُّ الذَّنْبِ أَعْظَمُ ؟ قَالَ: أَنْ تَجْعَلَ لِلّٰهِ نِدًّا وَهُوَ خَلَقَكَ.] (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ)

**”ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئەڭ چوڭ گۇناھ قايسى دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللاھ سېنى ياراتقان تۇرۇغلۇق ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشۈڭ ئەڭ چوڭ گۇناھتۇر.“ (ئىمام**

بۇخاري رىۋايەت قىلغان)

چوڭ شېرىك ئۈچ تۈرگە بۆلىنىدۇ:

1) ئاللاھنىڭ پەرۋەردىگارلىقىغا شېرىك كەلتۈرۈش (اَلشِّرْكُ فِي الرُّبُوبِيَّةِ)

ئاللاھ كائىناتنىڭ ئىگىسى، تەدبىر قىلغۇچى، ئەزىز قىلغۇچى، خار قىلغۇچى، رىزىقلارنى كەڭ، تار قىلغۇچى، هاياتلىق بەرگۈچى، جان ئالغۇچى، ياخشىلىق ئاتا قىلغۇچى، جازا بەرگۈچىدۇر. هەر قانداق بىر ئادەم ئۆزىدە ۋە ياكى باشقىلاردا مۇشۇ سۈپەتلەرنى بار دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە پىرئەۋننى مىسال ئېلىپ، ئۇنىڭ تىلىدىن بايان قىلىپ مۇنداق دېدى:

﴿فَقَالَ أَنَا رَبُّكُمُ الْأَعْلَىٰ﴾

**﴿(پىرئەۋن) مەن سىلەرنىڭ بۈيۈك پەرۋەردىگارىڭلار بولىمەن، دېدى﴾ (79 ـ سۈرە / نازىئات 24 ـ ئايەت)**

ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دەۋاسىنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، فىرئەۋننى ئۆز قەۋمىنىڭ كۆز ئالدىدا سۇغا غەرق قىلىپ هالاك قىلدى.

2) ئاللاھنىڭ ئىلاھلىقىغا شېرىك كەلتۈرۈش (اَلشِّرْكُ فِي الْأُلُوهِيَّةِ)

بۇ خىل شېرىكچىلىك بەندىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى ئاللاھتىن باشقا بىراۋنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇخىل شېرىكچىلىكنىڭ ئالامەتلىرى بۇتلارغا، قەبرىلەرگە ۋە باشقا مەخلۇقاتلارغا ئىبادەت قىلىش قاتارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ. بۇنداق شېرىك كەلتۈرگەنلەر بۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىشىدۇ. هالبۇكى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلەن بەندىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىبادەتتە هېچقانداق ۋاستىگە موهتاج ئەمەس. شۇڭا بەندىلەر ئاللاھقا ۋاستىسىز ئىبادەت قىلىشى كېرەك.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا خىتاب قىلىپ «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن:

﴿قُلْ إِنَّ صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ لَا شَرِيكَ لَهُ وَبِذَٰلِكَ أُمِرْتُ

وَأَنَا أَوَّلُ الْمُسْلِمِينَ﴾

**﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر، ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر. مەن مۇشۇنداق دەپ ئېتىقاد قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. مەن مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجىسىمەن»﴾ (6 ـ سۈرە / ئەنئام 162 ـ ،163 ـ ئايەت)**

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَمَنْ كَانَ يَرْجُوْ لِقَاءَ رَبِّهِ فَلْيَعْمَلْ عَمَلًا صَالِحًا وَلَا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهِ أَحَدًا﴾

**﴿كىمكى پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، ياخشى ئىش قىلسۇن، پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن﴾ (18 ـ سۈرە / كەھف 110 ـ ئايەت)**

3) ئاللاھنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدە شېرىك كەلتۈرۈش (اَلشِّرْكُ فِي الْأَسْمَاءِ وَالصِّفَاتِ)

بۇ خىل شېرىك، ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىدا ئاللاھقا خاس سۈپەتلەردىن بىرەر سۈپەتنى بار دەپ ئېتىقاد قىلىش بولۇپ، بىر ئادەم بىرەر ئىنساننى ياكى باشقا ھەر قانداق مەخلۇقاتنى غەيبنى بىلىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلسا بۇ شېرىكنى سادىر قىلغان بولىدۇ.

كىچىك شېرىك: ئېھتىيات قىلمىسا چوڭ شېرىك كەلتۈرۈشكە ئېلىپ بارىدىغان گەپ ـ سۆز ۋە ئەمەللەر بولۇپ، كىچىك شېرىكنى سادىر قىلغانلار ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كەتمىگەن تەقدىردىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن يانمىسا چوڭ گۇناھقا دۇچار بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: ئاللاھدىن غەيرىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىش، قىلغان ياخشى ئەمەللەردە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىمەي، مال ـ دۇنيا، نام ـ ئاتاقنى مەقسەت قىلىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

**[عَنْ مَحْمُودِ بْنِ لَبِيدٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ : إِنَّ أَخْوَفَ مَا أَخَافُ عَلَيْكُمُ الشِّرْكُ الْأَصْغَرُ، قَالُوا : وَمَا الشِّرْكُ الْأَصْغَرُ يَا رَسُولَ اللهِ؟ قَالَ : الرِّيَاءُ، يَقُولُ اللهُ عَزَّ وَجَلَّ لَهُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِذَا جُزِيَ النَّاسُ بِأَعْمَالِهِمْ. اِذْهَبُوا إِلَى الَّذِينَ كُنْتُمْ تُرَاءُونَ فِي الدُّنْيَا ، فَانْظُرُوا هَلْ تَجِدُونَ عِنْدَهُمْ جَزَاءً.]**

"مەھمۇد ئىبنى لۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مەن سىلەردىن ئەڭ ئەنسىرەيدىغان قورقۇنۇشلۇق نەرسە، كىچىك شېرىكتۇر، ئۇ بولسا، رىيا قىلىشتۇر، ئاللاھ قىيامەت كۈنى كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە مۇكاپات بەرگەندە، رىياخورلارغا مۇنداق دەيدۇ: سىلەر دۇنيادىكى چاغدا، رىيا قىلىپ، ئەمەللىرىڭلارنى كۆرسەتكەن، كۆرسۇن دېگەن كىشىلىرىڭلارنىڭ يېنىغا بېرىڭلار، ئۇلارنىڭ يېنىدا مۇكاپات، ساۋابىنى تاپالامسىلەر قاراپ بېقىڭلار." (ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)

يەنە بىر خىل شېرىك كەلتۈرۈش بولۇپ، مەخپىي شېرىكتۇر. بۇ خىل شېرىكنى نۇرغۇن كىشىلەر بايقىيالمايدۇ، ياكى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَبِي بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: الشِّرْكُ فِيْكُمْ أَخْفَى مِنْ دَبِيبِ النَّمْلِ، وَسَأَدُلُّكَ عَلَى شَيْءٍ إِذَا فَعَلْتَهُ أَذهَبَ عَنْكَ صِغارَ الشِّرْكِ وكِبَارِهِ تَقُولُ: اللَّهمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ أن أُشْرِكَ بِكَ وأَنا أعلَمُ، واسْتَغْفِرُكَ لِما لاَ أَعْلَمُ. تَقُولُهَا ثَلاَثَ مرَّاتٍ.] (رَوَاهُ أَحْمَدُ)

"ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: شېرىك كەلتۈرۈش ئاراڭلاردا چۈمۈلىنىڭ ئۆمىلىشىدىنمۇ مەخپىيدۇر، ئەگەر ئەمەل قىلساڭ سەندىن چوڭ-كىچىك بارلىق شېرىك يوقاپ كېتىدىغان بىر ئىشنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ مۇنداق دېگىن: اللَّهمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ أن أُشْرِكَ بِكَ وأَنا أعلَمُ، واسْتَغْفِرُكَ لِما لاَ أَعْلَمُ. (يەنى: ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە شېرىك كەلتۈرۈپ قېلىشىمدىن سىلىگە سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن، مەن بىلىدىغان بىلمەيدىغان بارلىق گۇناھلىرىم ئۈچۈن سىلىدىن مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرۈۋېتىشلىرىنى سورايمەن). بۇنى ئۈچ قېتىم دېگىن." (ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)

كۇفۇرلۇق ۋە شېرىكنىڭ ئىنسانغا كەلتۈرىدىغان زىيانلىرى

(1) ئاللاھنى ئىنكار قىلغان ئادەمنىڭ تۇرمۇشى قالايمىقان، جاپالىق ۋە بىلىش دائىرىسى ئىنتايىن تار بولىدۇ، بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿وَمَنْ أَعْرَضَ عَنْ ذِكْرِي فَإِنَّ لَهُ مَعِيشَةً ضَنْكًا وَنَحْشُرُهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَعْمَى﴾

﴿كىمكى مېنىڭ ھىدايىتىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى جاپالىق بولىدۇ،

**قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور ھالەتتە تىرىلدۈرىمىز﴾ (20 ـ سۈرە / تاھا 124 ـ ئايەت)**

شېرىك بەندىنىڭ ئاللاھنىڭ قاتتىق ئازابىغا دۇچار بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېگەن:

﴿إِنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا وَمَاتُوا وَهُمْ كُفَّارٌ أُولَـٰئِكَ عَلَيْهِمْ لَعْنَةُ اللهِ وَالْمَلَائِكَةِ وَالنَّاسِ أَجْمَعِينَ خَالِدِينَ فِيهَا لَا يُخَفَّفُ عَنْهُمُ الْعَذَابُ وَلَا هُمْ يُنظَرُونَ﴾

**﴿شۈبھىسىزكى، كۇفرىدا چىڭ تۇرۇپ كافىر پېتى ئۆلگەنلەر ـــ ئەنە شۇلار چوقۇم ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارلىق ئىنسانلارنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ. ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇلاردىن ئازاب يېنىكلىتىلمەيدۇ، ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازاب كېچىكتۈرۈلمەيدۇ﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 161 ـ، 162 ـ ئايەت)**

(2) ئاللاھ شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ باشقا كىشىلەرگە كەلتۈرگەن زىيانلىرى

ئاللاھنى ئىنكار قىلغان ئىمانسىز كىشى خۇددى ئەما كىشىگە ئوخشاش ياشايدۇ. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ياشاشتىكى مەقسەت ۋە غايىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ۋە نەدىن كېلىپ، قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپلا بۇ دۇنيادىن ئايرىلىدۇ.

ئىمانسىز كىشى ئاخىرەتتىكى قايتا تىرىلىشكە، جەننەت ۋە دوزاخقا ئىشەنمەيدىغان بولغاچقا ئۇنىڭ بارلىق غەم ـ قايغۇسى ۋە ئارزۇسى پەقەت مۇشۇ دۇنيا ئۈچۈنلا بولىدۇ، مۇشۇ دۇنيا ئۈچۈنلا ياشايدۇ. ئېرىشكەن نەرسىلىرى ھالالدىن كەلدىمۇ ياكى ھارامدىن كەلدىمۇ، قىلغان ئىشلىرى باشقا كىشىلەرگە زىيان ئېلىپ كەلدىمۇ، بۇلارغا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ئۇنىڭ بارلىق غەم ـ قايغۇسى پەقەت ئۆزىنىڭلا مەنپەئىتى ئۈچۈن بولۇپ، كۆپىنچە ھاللاردا شەخسىيەتچىلىك روھى بىلەن ياشايدۇ. بۇ خىل كىشىلەر ئارىسىدا مېھرى ـ شەپقەت ئازىيىپ، رەھىمسىزلىك، بىپەرۋالىق ئەۋج ئالىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىشەنچنىڭ تۆۋەنلىشى ۋە شۇنداقلا نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئىشەنچ قىلالماسلىقمۇ دەل شۇنىڭ مەھسۇلىدۇر. شۇڭلاشقا ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

﴿يَعْلَمُونَ ظَـٰهِرًا مِّنَ الْحَيَوٰةِ الدُّنْيَا وَهُمْ عَنِ الْآخِرَةِ هُمْ غَـٰفِلُونَ﴾

**﴿ئۇلار دۇنيا ھاياتىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا بىلىدۇ، ئۇلار ئاخىرەتتىن غەپلەتتىدۇر﴾**

**(30 ـ سۈرە / رۇم 7 ـ ئايەت)**

ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىنىلا كۆزلەيدىغان كىشىلەر ئازراق مەنپەئەتنى دەپ مەخلۇقاتلارغا، ئىنسانلارغا زىيان سالىدۇ. باشقىلارغا رەھىم قىلمايدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن:

﴿وَالَّذِينَ كَفَرُوا يَتَمَتَّعُونَ وَيَأْكُلُونَ كَمَا تَأْكُلُ الْأَنْعَامُ وَالنَّارُ مَثْوًى لَّهُمْ﴾

**﴿كافىرلار دۇنيا ھاياتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ ۋە چاھارپايلاردەك يەپ ـ ئىچىدۇ، (ئاخىرەتتە) ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ﴾ (47 ـ سۈرە / مۇھەممەد 12 ـ ئايەت)**

مانا بۇلار ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ بەندىلەرگە ئېلىپ كېلىدىغان بىر قىسىم ئاقىۋىتىدۇر.

2. سېھىرگەرلىك قىلىش (وَالسِّحْرُ): سېھىرگەرلىك قىلىش ئىسلام دىنىدىكى ئەڭ چوڭ گۇناھلار قاتارىدىندۇر. چۈنكى سېھىرگەرلەر، داخانلار جىنلاردىن ياردەم سورايدۇ، پەقەت ئاللاھقىلا مەلۇم بولغان غەيب ئىشلارنى بىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ. ئىناق ئەر ـ خوتۇنلار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارىسىدا ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى كۇفرلىققا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلاردۇر.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن:

﴿فَيَتَعَلَّمُونَ مِنْهُمَا مَا يُفَرِّقُونَ بِهِ بَيْنَ الْمَرْءِ وَزَوْجِهِ وَمَا هُم بِضَآرِّينَ بِهِ مِنْ أَحَدٍ إِلاَّ بِإِذْنِ اللّهِ وَيَتَعَلَّمُونَ مَا يَضُرُّهُمْ وَلاَ يَنفَعُهُمْ﴾

**﴿ئۇلار (يەنى ئىنسانلار) بۇ ئىككىسىدىن ئەر ـ خوتۇننى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىدىغان سېھىرگەرلىكنى ئۆگىنەتتى. ئۇلار (سېھىر ئارقىلىق) ئاللاھنىڭ ئىرادىسىز ھېچ كىشىگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە زىيىنى بار، پايدىسى يوق نەرسىنى ئۆگىنەتتى﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 102 ـ ئايەت)**

سېھىرگەرلىكنىڭ كىشىلەرگە ۋە جەمئىيەتكە بولغان يامان زىيىنى ئىنتايىن چوڭ. كىشىلەرنى توغرا ئېتىقادتىن ئازدۇرۇپ، ئاللاھنى قويۇپ مەخلۇقلاردىن ياردەم سوراشقا، ھەتتا ئۆزىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىنى ئەنە شۇ رەمماللار، جىنكەشلەرگە تاپشۇرۇشتەك ئازغۇنلۇققا ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام سېھىر قىلىش ئۆياقتا تۇرسۇن، ھەتتا سېھىرگەرنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى تەستىقلىغان، ئىشەنگەن كىشىنىڭ 40 كۈنلۈك ئىبادىتىنىڭ مەقبۇل بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقان.

جەمئىيىتىمىزدە بىر تۈركۈم كىشىلەر ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىغا ئىسسىقتۇ، ياكى سوۋۇتقۇ قىلىمىز، دەپ ئېتىقادى ئاجىز كىشىلەرنى ئالدايدۇ. بۇنداق قىلىش ئىسلام دىنىمىزدا ھارام قىلىنغان.

3. ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش (قَتْلُ النَّفْسِ الَّتِي حَرَّمَ اللهُ إلاَّ بِالْحَقِّ). ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە شۇنداق دېگەن:

﴿وَمَن يَقْتُلْ مُؤْمِنًا مُّتَعَمِّدًا فَجَزَآؤُهُ جَهَنَّمُ خَـٰلِدًا فِيهَا وَغَضِبَ اللهُ عَلَيْهِ وَلَعَنَهُ وَأَعَدَّ لَهُ عَذَابًا عَظِيمًا﴾

**﴿كىمكى بىر مۆمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ. ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ۋە لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا قاتتىق ئازاب تەييارلايدۇ﴾ (4 - سۈرە / نىسا 93 - ئايەت)**

ئىسلام دىنىدا ئادەم ئۆلتۈرۈش ئەمەس بەلكى بىر كىشىنىڭ چاقچاق قىلىپ بولسىمۇ ئۆز قېرىنداشلىرىغا تىغلىق نەرسىلەرنى تەڭلەشمۇ گۇناھتۇر. بۇنىڭ ئەكسىچە يامانلىشىپ قالغان ئىككى مۇسۇلماننى ياراشتۇرۇپ قويۇش نەفلە ناماز ۋە نەفلە روزا تۇتقاندىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

4. جازانە يېيىش (وَأَكْلُ الرِّبَا): دىنىمىزدا ھەربىر كىشى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ھالال، پاك نەرسىلەرنى ئىشلىتىش ۋە قىيىنچىلىقتا يولۇققاندا ئاللاھ يولىدا خالىس ئۆزئارا ياردەم بېرىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. ئەكسىچە بىر-بىرىگە ياردەم بېرىشنىڭ ئورنىغا باشقىلارغا قىيىنچىلىق ئۈستىگە قىيىنچىلىق ئېلىپ كېلىش ۋە مال-مۈلكىنى ناھەق يەۋېلىش ئېغىر گۇناھتۇر.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېگەن:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ ءَامَنُواْ لاَ تَأْكُلُواْ الرِّبَا أَضْعَـٰفًا مُّضَاعَفَةً وَاتَّقُواْ اللهَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾

**﴿ئى مۆمىنلەر! جازانىنى قاتمۇقات ئاشۇرۇپ يېمەڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار﴾ (3 - سۈرە / ئال ئىمران 130 - ئايەت)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جازانە يېيىشنىڭ نەقەدەر ئېغىر گۇناھ

ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

[عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ حَنْظَلَةَ رَضِىَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: دِرْهَمُ رِبًا يَأْكُلُهُ الرَّجُلُ وَهُوَ يَعْلَمُ أَشَدُّ عِنْدَ اللهِ مِنْ سِتَّةٍ وَثَلَاثِينَ زَنْيَةً .] (رَوَاهُ أَحْمَدُ)

**”ئابدۇللا ئىبنى ھەنزەلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بىر كىشىنىڭ بىلىپ تۇرۇپ جازانىدىن بىر دەرھەمگە ئېرىشكەنلىكى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە 36 قېتىم زىنا قىلغىنىدىن قاتتىقراقتۇر.“ (ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)**

5. يېتىملارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ناھەق يەۋېلىش (أَكْلُ مَالِ الْيَتِيمِ).

بىر مۇسۇلمان ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتكەن قېرىنداشلىرىنىڭ يېتىم باللىرىغا كېپىل بولۇپ تۇرمۇشىغا ۋە مال ـ مۈلكىگە ياخشى ئىگىدارچىلىق قىلىپ قويۇشى قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەر بىلەن بىر جايدا بولۇشقا سەۋەب بولىدىغان ياخشى ئەمەلدۇر. ئەكسىچە يېتىم باللارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ناھەق يەۋېلىش، يېتىملەرنى بوزەك قىلىپ مال ـ مۈلكىنى ئىگىلىۋېلىش ئېغىر گۇناھتۇر.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن:

﴿إِنَّ الَّذِينَ يَأْكُلُونَ أَمْوَالَ الْيَتَامَىٰ ظُلْمًا إِنَّمَا يَأْكُلُونَ فِي بُطُونِهِمْ نَارًا وَسَيَصْلَوْنَ سَعِيرًا﴾

**﴿يېتىملەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى ناھەق يەۋالغانلار، شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا (يېنىپ تۇرىدىغان) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ. ئۇلار لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان دوزاخقا كىرىدۇ﴾ (4 ـ سۈرە / نىسا 10 ـ ئايەت)**

6. جەڭ مەيدانىدىن قېچىش (التَّوَلِّي يَوْمَ الزَّحْفِ).

ھەققانىيەت ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان جەڭ مەيدانىدىن قېچىپ كېتىش ئاللاھنىڭ نەزەرىدە ئېغىر بولغان گۇناھ ھېسابلىنىدۇ.

7. پاك، ئىپپەتلىك ئاياللارغا تۆھمەت قىلىش (قَذْفُ الْمُحْصَنَاتِ الْمُؤْمِنَاتِ الْغَافِلَاتِ).

ئىسلام دىنىمىز ئىنسانلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ئىنتايىن ھۆرمەت قىلىدىغان، ھەربىر كىشىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئېتىبار بېرىدىغان دىندۇر. شۇڭا دىنىمىزدا ئەر ـ ئايال مۆمىنلەرنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداش ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. بۇنىڭ ئەكسىچە ئىسلام دىنىدا بىرەر مۆمىننىڭ ئەيىبلىرىنى

ياكى مەخپىيەتلىكلىرىنى ئوتتورىغا چىقىرىپ ئۇنى باشقا كىشىلەر ئالدىدا خىجالەتچىلىككە قويۇش ياكى ئەيىبىنى ئېچىش، ئابرۇيىنى تۆكۈش كىشىنى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاش ئېغىر گۇناھ ھېسابلىنىدۇ.

بىرەر كىشىگە تۆھمەت چاپلاش، بولۇپمۇ پاك ئاياللارغا تۆھمەت چاپلاش ئاللاھنىڭ نەزەرىدە ئىنتايىن ئېغىر گۇناھتۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

﴿إِنَّ الَّذِينَ يَرْمُونَ الْمُحْصَنَـٰتِ الْغَـٰفِلَاتِ الْمُؤْمِنَـٰتِ لُعِنُوا فِى الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ وَلَهُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ﴾

**﴿يامان ئىشتىن بىخەۋەر ئىپپەتلىك مۆمىن ئاياللارغا قارا چاپلايدىغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوقۇم لەنەتكە ئۇچرايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾ (24 ـ سۈرە / نۇر 23 ـ ئايەت)**

بەزى كىشىلىرىمىزدە تۈرلۈك كىچىك ئىشلارنى باھانە قىلىپ پاك ئاياللارنى خارلايدىغان، يامان گەپ سۆزلەر بىلەن تىللايدىغان، ھاقارەتلەيدىغان، يامان ئادەت بار. بۇ بىزنىڭ نەزىرىمىزدە چوڭ ئىش ھېسابلانمىغان بىلەن، ئاللاھنىڭ نەزەرىدە ئىنتايىن چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدۇ.

تۆۋەندە بىز يەنە جەمئىيىتىمىزدە كۆپ كۆرۈلىۋاتقان بىر قانچە چوڭ گۇناھلار ۋە بۇ گۇناھلارنىڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاقىۋەتلىرى ۋە زىيانلىرى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

1. ھاراق ئىچىش ۋە قىمار ئويناش.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېگەن:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِنَّمَا الْخَمْرُ وَالْمَيْسِرُ وَالأَنصَابُ وَالأَزْلَـٰمُ رِجْسٌ مِّنْ عَمَلِ الشَّيْطَـٰنِ فَاجْتَنِبُوهُ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ إِنَّمَا يُرِيدُ الشَّيْطَـٰنُ أَن يُوقِعَ بَيْنَكُمُ الْعَدَاوَةَ وَالْبَغْضَآءَ فِى الْخَمْرِ وَالْمَيْسِرِ وَيَصُدَّكُمْ عَن ذِكْرِ اللهِ وَعَنِ الصَّلوٰةِ فَهَلْ أَنتُم مُّنتَهُونَ﴾

**﴿ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، ئىلاھ قىلىپ تىكلەنگەن نەرسىلەرگە چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش پەقەت شەيتاننىڭلا ئىشى، پاسكىنا قىلمىقلاردۇر. بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئۆچمەنلىك**

**تۇرغۇزماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن، قىماردىن) يانامسىلەر؟﴾ (5 ـ سۈرە / مائىدە 90 ـ ،91 ـ ئايەت)**

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە "ئۇ ئىشلارنى قىلماڭلار" دېمەستىن «فَاجْتَنِبُوهُ» (ئۇ ئىشلاردىن يىراق بولۇڭلار) دەيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سۆزى ئۇ ئىشلارنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقىنىلا ئەمەس، بەلكى شۇ ئىشلارغا يېتەكلەيدىغان ۋە ۋاستە بولىدىغان ھەرقانداق ئىشلارنىڭمۇ مەنئى قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ھاراق قاتارلىق مەست قىلىدىغان نەرسىلەر ئىنساننى ئىنسانلىق سالاھىيىتىنى يوقۇتۇپ ھايۋانىيلىقتا ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. قىمار بولسا ئوينىغۇچىلار ئارىسىدا ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت، دۈشمەنلىشىش، تۇرمۇشنى ۋەيران قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن توسىدۇ. ئادەمنى ھورۇنلۇقتا كۆندۈرۈپ خىيالى بايلىققا قىزىقتۇرىدۇ. جەمئىيەتنى بۇزۇپ، ئائىلىنى ۋەيران قىلىپ، پەرزەنتلەرنىڭ ئىستىقبالىنى نابۇت قىلىدۇ. ئەقىلدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ نېمەتنى ئاجىزلىتىدۇ، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىدۇ. ئىنساننى بىكار تەلەت قىلىپ قويىدۇ. مىللەتنى تەرەققىي قىلدۇردىغان، ئائىلىنى روناق تاپقۇزىدىغان ھالال كەسىپتىن توسىدۇ. ھەتتا ئەر ـ خوتۇن، بالا ـ چاقا ۋە ئىللىق ئائىلىدىن ئايرىپ يالاڭتۆش قىلىپ قويىدۇ.

ئىسلام دىنىمىز ھاراق ئىچىشنى چەكلەپلا قالماستىن، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھەر قانداق ئىشنى قىلىشتىن توسىغان. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: لَعَنَ اللهُ الْخَمْرَ وَشَارِبَهَا وَسَاقِيَهَا وَبَائِعَهَا وَمُبْتَاعَهَا وَعَاصِرَهَا وَمُعْتَصِرَهَا وَحَامِلَهَا وَالْمَحْمُولَةَ إِلَيْهِ.] (رَوَاهُ أَبُو دَاوُدَ)

**"ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا ھاراق ئىچكۈچىگە، ئۇنى قويۇپ بەرگۈچىگە، ساتقۇچىغا، سېتىۋالغۇچىغا، سىقىپ چىقىرىپ ئىشلىگۈچىگە ۋە ئۇنى ئىشلەتكۈچى، مال زاكاس**

**قىلغۇچىغا، ئۇنى كۆتۈرگۈچىگە، يەتكۈزۈپ بەرگەن دۇكاندارغا، هاراقنىڭ پۇلىنى يېگۈچىگە قاتتىق لەنەت قىلدى.“ (يەنى بۇلارمۇ گۇناھ بىلەن باراۋەر، ئوخشاش دېگەن مەنىدە) (ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان)**

2. زىنا قىلىش

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېگەن:

﴿وَلَا تَقْرَبُوا الزِّنَىٰ إِنَّهُ كَانَ فَاحِشَةً وَسَاءَ سَبِيلًا﴾

**﴿زىناغا يېقىنلاشماڭلار. چۈنكى، ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر﴾ (17 ـ سۈرە / ئىسرا 32 ـ ئايەت)**

پەرۋەردىگارىمىز ئىنسانلارنى نىكاھلىنىش يولى بىلەن پاك، ئىپپەتلىك، هالال ياشاشقا بۇيرىدى، بىر قىسىم ئىنسانلار نىكاھلىنىپ پاك ئائىلە قۇرۇشقا ۋە زىنانىڭ ئاقىۋىتىگە سەل قارىغانلىقتىن زىنا زالالەت ئىنسانلار ئىچىدە ئەۋج ئالدى. نەتىجىدە ئەيدىزگە ئوخشاش ساقايماس، مەينەت كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇپ نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۆلۈپ كەتتى، ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى زىنادىن ساقلىسۇن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ عَبْدِاللّٰهِ بِنِ عُمَرَ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ: لَمْ تَظْهَرِ الْفَاحِشَةُ فِي قَوْمٍ قَطُّ، حَتَّى يُعْلِنُوا بِهَا، إِلَّا فَشَا فِيهِمُ الطَّاعُونُ، وَالْأَوْجَاعُ الَّتِي لَمْ تَكُنْ مَضَتْ فِي أَسْلَافِهِمُ الَّذِينَ مَضَوْا...] (رَوَاهُ ابْنُ مَاجَه)

**”ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر قەۋمدە زىنا، پاھىشە تارقالسا، ئۇلار زىنانى ئوچۇق ـ ئاشكارا قىلسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ۋابا كېسىلى ۋە ئۇلاردىن ئىلگىرىكى ئاتا ـ بوۋىلىرىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان قورقۇنۇشلۇق كېسەللەر كەڭ تارقاپ كېتىدۇ.“ (ئىمام ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان)**

3. تاماكا چېكىش

تاماكا چېكىش ئىنساننىڭ تەن ـ سالامەتلىكىگە ۋە شەخسىي تازىلىقىغا ۋە ئەتراپتىكى مۇھىتقا تەسىر يەتكۈزۈپ، ئىقتىسادقا بىھۇدە زىيان سالىدىغان هارام ئىش بولۇپ، ئاللاھ تائالا بىزگە ئامانەت قىلىپ بەرگەن جىسمىمىزنى ۋە قىممەتلىك هاياتىمىزنى هالاكەتكە تاشلىغانغا ئوخشاش ئىشتۇر.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېگەن:

﴿وَلاَ تُلْقُواْ بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ﴾

**﴿ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 195 ـ ئايەت)**

بەزى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە تاماكا چېكىش كىچىك ئىشتەك بىلىنگىنى بىلەن بۇ كىچىك ئىش ئەمەس، چۈنكى تاماكا چەككۈچى ئۆزىگە، ئىقتىسادىغا ۋە مۇھىتقا زىيان سېلىپ، بولغاپ قالماستىن ئائىلىلىرىغا، بالىلىرىغىمۇ زىيان سالىدۇ. جەمئىيىتىمىزدە نۇرغۇنلىغان ياشلار ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى ۋە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مال ـ دۇنياسىنى ۋە كۆڭۈللۈك ئائىلىسىنى ۋەيران قىلغاندىن سىرت، يەنە ئوغرىلىق قىلىشقا ئوخشاش ھەرخىل قەبىھ ئىشلارنى سادىر قىلىپ، جىنايەت ئۆتكۈزۈپ بۇ دۇنيادىن ۋاقىتسىز ئايرىلماقتا. دېمەك، تاماكا گەرچە ئاددىي نەرسىدەك كۆرۈنگىنى بىلەن نەشە، خروئىن ۋە باشقا زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە ئۆگىنىپ قېلىشنىڭ باشلامچىسىدۇر.

يەنە بىر قىسىم كىچىك گۇناھلار بولۇپ، بىز چەكلەنگەن چوڭ گۇناھلاردىن يىراق بولغىنىمىزدا ۋە نامازلىرىمىزنى مۇكەممەل، ۋاقتىدا ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا ئۆچۈرۈلۈپ تاشلىنىدىغان گۇناھلاردۇر.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېگەن:

﴿الَّذِينَ يَجْتَنِبُونَ كَبَائِرَ الْإِثْمِ وَالْفَوَاحِشَ إِلَّا اللَّمَمَ إِنَّ رَبَّكَ وَاسِعُ الْمَغْفِرَةِ﴾

**﴿ئۇلار سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولالمىسىمۇ، چوڭ گۇناھلاردىن ۋە قەبىھ ئىشلاردىن يىراق بولىدىغانلاردۇر. ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ مەغپىرىتى كەڭدۇر﴾ (53 ـ سۈرە / نەجمە 32 ـ ئايەت)**

ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېگەن:

﴿إِنْ تَجْتَنِبُواْ كَبَآئِرَ مَا تُنْهَوْنَ عَنْهُ نُكَفِّرْ عَنكُمْ سَيِّئَاتِكُمْ﴾

**﴿ئەگەر سىلەر مەنئى قىلىنغان چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانساڭلار كىچىك گۇناھلىرىڭلارنى يوققا چىقىرىمىز﴾ (4 ـ سۈرە / نىسا 31 ـ ئايەت)**

لېكىن، بىز ھەرقانداق بىر گۇناھنى كىچىك كۆرۈپ ئۇنىڭغا سەل

قاراشتىن ھوشيار بولۇشىمىز كېرەك. چۈنكى، كىچىك گۇناھلار چوڭ گۇناھلارغا ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا، قېرىنداشلىرىمىزغا شۇنى تەۋسىيە قىلىمىزكى بىز دىنىمىز بۇيرۇغان ياخشى ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، چەكلىگەن چوڭ ـ كىچىك گۇناھلاردىن يىراق تۇرۇشىمىز كېرەك. چۈنكى بىز ئىنسانلارنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان ھەرخىل ئاپەت ۋە بالا ـ قازا ۋە ھەر تۈرلۈك كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسى «قۇرئان كەرىم» نىڭ روھىدىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىمىز ۋە گۇناھلارغا سەل قارىغانلىقىمىزدىن كېلىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

﴿وَمَآ أَصَٰبَكُم مِّن مُّصِيبَةٍ فَبِمَا كَسَبَتْ أَيْدِيكُمْ وَيَعْفُو عَن كَثِيرٍ﴾

**﴿سىلەرگە ھەرقانداق بىر كېلىشمەسلىك كەلسە ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن بولىدۇ. ئاللاھ نۇرغۇن گۇناھىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ﴾ (42 ـ سۈرە / شۇرا 30 ـ ئايەت)**

ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېگەن:

﴿ظَهَرَ الْفَسَادُ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ بِمَا كَسَبَتْ أَيْدِي النَّاسِ لِيُذِيقَهُم بَعْضَ الَّذِي عَمِلُوا لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ﴾

**﴿ئىنسانلارنىڭ يامان قىلمىشلىرىدىن يېنىشى ئۈچۈن بىر قىسىم قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تېتىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈز بەردى﴾ (30 ـ سۈرە / رۇم 41 ـ ئايەت)**

[عَنْ أَبِي قَتَادَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّهُ كَانَ يُحَدِّثُ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مُرَّ عَلَيْهِ بِجِنَازَةٍ فَقَالَ مُسْتَرِيحٌ وَمُسْتَرَاحٌ مِنْهُ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ مَا الْمُسْتَرِيحُ وَالْمُسْتَرَاحُ مِنْهُ قَالَ الْعَبْدُ الْمُؤْمِنُ يَسْتَرِيحُ مِنْ نَصَبِ الدُّنْيَا وَأَذَاهَا إِلَى رَحْمَةِ اللهِ وَالْعَبْدُ الْفَاجِرُ يَسْتَرِيحُ مِنْهُ الْعِبَادُ وَالْبِلَادُ وَالشَّجَرُ وَالدَّوَابُّ.] (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ)

**"ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدىن بىر جىنازا ئۆتكەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: يا بۇنىڭ ئۆزى قۇتۇلۇپتۇ ياكى باشقىلار بۇنىڭدىن قۇتۇلۇپتۇ، ئەتراپىدىكىلەر: ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر**

**ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: ئەگەر ئۇ مۆمىن بەندە بولسا، دۇنيانىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە قاراپ ماڭغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ گۇناھكار، پاسىق بەندە بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ باشقا بەندىلىرى، ئەل ـ يۇرت، دەل ـ دەرەخ ۋە مال ـ چارۋىلار ئۇنىڭدىن قۇتۇلغان بولىدۇ.» (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان)**

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار! بىز تۇرمۇشىمىزدا چوڭ كىچىك گۇناھلاردىن خالىي بولالمايمىز. شۇڭا، بىز ھەر قاچان قانچىلىك گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىمىزگە ئەمەس، بەلكى كىمگە ئاسىيلىق قىلغانلىقىمىزنى ئويلىشىمىز لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِنَّ الْعَبْدَ إِذَا أَخْطَأَ خَطِيئَةً نُكِتَتْ فِي قَلْبِهِ نُكْتَةٌ سَوْدَاءُ فَإِذَا هُوَ نَزَعَ وَاسْتَغْفَرَ وَتَابَ سُقِلَ قَلْبُهُ وَإِنْ عَادَ زِيدَ فِيهَا حَتَّى تَعْلُوَ قَلْبَهُ وَهُوَ الرَّانُ الَّذِي ذَكَرَ اللهُ ﴿كَلَّا بَلْ رَانَ عَلَىٰ قُلُوبِهِم مَّا كَانُوا يَكْسِبُونَ﴾] (رَوَاهُ التِّرْمِذِيُّ)

**«ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندە بىر گۇناھنى سادىر قىلسا، ئۇنىڭ دىلىغا بىر قارا چېكىت ئۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ گۇناھتىن قول ئۈزۈپ، مەغپىرەت تىلەپ ئاللاھقا تەۋبە قىلسا دىلى پاكلىنىدۇ. گۇناھنى قايتا قىلىشقا باشلىسا، قارا چېكىت ئاۋۇپ، ھەتتا بەندىنىڭ قەلبىنى پۈتۈنلەي قاپلاپ كېتىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ئۇلار گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن كۆڭلى قارا بولۇپ كەتكەنلەردۇر﴾ (83 ـ سۈرە / مۇتەففىفىن 14 ـ ئايەت) دېگەن ئايىتى مانا شۇنىڭغا قارىتىلغان.» (ئىمام تىرمىزي رىۋايەت قىلغان)**

ئاللاھ ھەممىمىزنى ياخشى ئىشلارنى كۆپرەك قىلىپ، گۇناھ ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشقا، كەڭ مۇسۇلمانلارغا ۋە باشقىلارغا ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىپ، سالىھ مۇسۇلمانلاردىن بولۇشقا، كۆپلەپ ئىلىم ئېلىپ، جەمئىيىتىمىزنىڭ، مىللىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشۇشقا، پەرزەنتلىرىمىزنى سالىھ پۇقرا ۋە مۇسۇلمانلاردىن قىلىپ تەربىيىلەشكە، پايدىلىق ئىلىم بىلەن قۇراللىنىشقا يېتەكلەشكە نېسىپ قىلسۇن. ئىمانىمىزنى مۇستەھكەم قىلسۇن! دىلىمىزنى ئىمان نۇرى بىلەن يورۇتسۇن. ئامىن!

# ئىسلام دىنىدىكى ئىسراپچىلىق توغرىسىدا

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

**إِنَّ الْحَمْدَ لِلّٰهِ نَحْمَدُهُ وَ نَسْتَعِيْنُهُ وَ نَسْتَغْفِرُهُ، وَ نَعُوْذُ بِاللّٰهِ مِنْ شُرُورِ أَنْفُسِنَا، وَمِنْ سَيِّئَاتِ أَعْمَالِنَا، مَنْ يَّهْدِهِ اللّٰهُ فَلاَ مُضِلَّ لَهُ ، وَمَنْ يُضْلِلْ فَلاَ هَادِىَ لَهُ ، وَأَشْهَدُ أَنْ لاَّ إِلٰـهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ، وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَ رَسُوْلُهُ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَ عَلَى آلِهِ وَأَصْحَابِهِ أَجْمَعِيْنَ . أَمَّا بَعْدُ :**

بارلىق ھەمدۇ ـ سانا ئاللاھقا خاستۇر. بىز ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىمىز؛ ئاللاھتىنلا ياردەم تىلەيمىز؛ ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيمىز. ئاللاھقا سېغىنىپ كۆڭۈللىرىمىزدە كەچكەن ئويـ ـ ھەۋەسلىرىمىزنىڭ يامانلىقلىرىدىن، ئەمەللىرىمىزدە كۆرۈلگەن يامان قىلمىشلاردىن پاناھ تىلەيمىز. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان ئادەمنى ھېچبىر ئازدۇرغۇچى بولمايدۇ، ئاللاھ گۇمراھلىقتا قالدۇرغان ئادەمنى ھېچبىر ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى: يالغۇز ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھنىڭ ھېچبىر شېرىكى يوقتۇر. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە، ئۇنىڭ بارلىق ساھابىلىرىگە بولسۇن.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە خىتاب قىلىپ مۇنداق دېگەن:

﴿وَلَا تُبَذِّرْ تَبْذِيرًا إِنَّ الْمُبَذِّرِينَ كَانُوا إِخْوَانَ الشَّيَـٰطِينِ وَكَانَ الشَّيْطَـٰنُ لِرَبِّهِ كَفُورًا﴾

**﴿پۇل ـ مېلىڭنى بۇزۇپ ـ چاچمىغىن. بۇزۇپ ـ چاچقۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر. شەيتان پەرۋەردىگارىغا تولىمۇ تۇزكورلۇق قىلغان ئىدى﴾ (17 ـ سۇرە / ئىسرا 26 ـ، 27 ـ ئايەت)**

بۈگۈنكى جۈمە خۇتبىسىدىن پايدىلىنىپ كەڭ جامائەتلەرگە ئىسلام

دىنىمىزنىڭ ئىسراپچىلىقتىن توسۇش ھەققىدىكى بەزى كۆرسەتمىلىرى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتمەكچىمىز.

"ئىسراپ" دېگەن سۆز ئەسلى ئەرەبچە سۆز بولۇپ، "ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش، بۇزۇپ-چېچىش" دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. شەرىئەتتە بولسا "ئىسلام دىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇۋېتىش" دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، كىشىلەر ھەرقانداق ئىشتا ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇۋېتىدىكەن ئىسراپچىلىق قىلغانلىقىنىڭ گۇناھى سەۋەبىدىن قىيامەت كۈنى سوئال-سوراقتا تارتىلىدۇ. ئەمدى تۆۋەندە بىز ئىسراپچىلىقنىڭ تۈرلىرىنى ۋە دىنىمىزنىڭ بۇنىڭغا نىسبەتەن بەرگەن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە جازالىرى ھەققىدە توختىلىمىز. ئەتراپىمىزغا قاراپ باقىدىغان بولساق نۇرغۇن ئىشلاردا بىز ئىسراپچىلىق قىلىۋاتىمىز. مەسىلەن:

1. بىزدە ئەڭ ئېغىر بولغىنى ۋاقىت ئىسراپچىلىقىدۇر.

ھازىر نۇرغۇن ئادەملەر بوش ۋاقتىنى غەيۋەت-شىكايەت قىلىش، بىر-بىرىنى مەسخىرە قىلىش، يۇرتلار ئارا كەمسىتىش خاراكتېردىكى يۇمۇرلارنى دېيىش بىلەن ۋە باشقا تېلفۇن ياكى تورلاردا ھەرخىل شەھۋانىي گەپ ۋە پايدىسىز سۆزلەرنى قىلىش ئارقىلىق ئۆتكۈزىدۇ. ھالبۇكى بىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: مَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَلَا يُؤْذِ جَارَهُ وَمَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَلْيُكْرِمْ ضَيْفَهُ وَمَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَلْيَقُلْ خَيْرًا أَوْ لِيَصْمُتْ. ] (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ)

**"ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشەنسە قوشنىسىغا ئەزىيەت يەتكۈزمىسۇن، كىمكى ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشەنسە مېھمىنىنى ھۆرمەتلىسۇن، كىمكى ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشەنسە ياخشى سۆزلەرنى قىلسۇن ياكى جىم تۇرسۇن." (ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان)**

يۇقىرىقى ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىمكى ئاللاھقا ئىشەنسە يەنى ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىنى ئاڭلاپ، ھەممىنى كۆرۈپ، ھەممىدىن خەۋەر تېپىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشەنسە، ۋە ھەر بىر ئېغىز گەپ-سۆزدىن ھېساب ئېلىنىدىغان قىيامەت كۈنىگە ئىشەنسە، ئۇ كىشى پايدىسىز سۆزدىن يىراق تۇرسۇن دەپ ئەسكەرتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى ئوتتۇرا ياشتىكىلەر كوچا-كويلاردا بىر كۈن كەچكىچە قارتقا ئوخشاش ۋاقىتنى زايا قىلىدىغان نەرسىلەرنى ئويناپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزسە، ياشلار تېلېفوندا ئەھمىيەتسىز ئويۇنلارنى ئويناش، توردا پايدىسىز نەرسىلەرنى كۆرۈش بىلەن ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. ئاياللار بولسا بوش ۋاقىتنى تۈگىمەس قاتار چايلارغا قاتنىشىش بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. سەبىي باللار بولسا ئاتا-ئانا مېھرىدىن ئايرىلىپ، گاڭگىراش ئىچىدە قىلىپ قالسا، يالغۇز قالغان بوۋاي-مومايلار باللىرى بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ، ھال-مۇڭ ئېيتىشىش ئىستىكىدە تەلمۈرتۈپ كۈتۈشىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئەھمىيەتسىز ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ۋاقىتىمىزنى بىھۇدە ئىسراپ قىلغانلىقىمىزنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَبِيْ هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُوْلُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: مِنْ حُسْنِ إِسْلَامِ الْمَرْءِ تَرْكُهُ مَا لَايَعْنِيْهِ. ] (رَوَاهُ التِّرْمِذِيُّ)

**”ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: زۆرۈر بولمىغان ئىشلارنى تاشلاش بىر كىشىنىڭ ئىسلامىنىڭ ياخشى ۋە بەلەنلىكىنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ.“ (ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)**

بىزدە بۇ ھەدىسكە ئەمەل قىلىش روھى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەچكە يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار كۆرۈلۈۋاتىدۇ. دېمەك، بوش ۋاقىتلىرىمىز مانا مۇشۇنداق ئىسراپ قىلىنغاچقا پايدىسىز سۆزلەردىن ئادەملەرنىڭ دىللىرى رەنجىسە، پايدىسىز ئىشلاردىن جەمئىيەت زىيانغا ئۇچراۋاتىدۇ. نەتىجىدە بۇ ئىسراپچىلىقلار

جەمئىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز نوقسانلىرىمىزنى دەرھال ئىسلاھ قىلىپ، ۋاقتىمىزنى ئەھمىيەتلىك ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىشىمىز كېرەك. بولۇپمۇ، تېلېفون، تور قاتارلىق ئالاقە قوراللىرىدا پايدىسىز كىنو-فىلىم، ناخشا-مۇزىكا قاتارلىقلار بىلەن مەشغۇل بولۇشنىڭ ئورنىغا يېڭى پەن-تېخنىكا ئۇچۇرلىرىنى، سودا ئۇچۇرلىرىنى، ئۆزىمىزنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتكە مۇناسىۋەتلىك قانۇن-سىياسەت ئۇچۇرلىرىنى ۋە ئىسلامىي ماقالە-ئەسەرلەرنى كۆرۈشىمىز. قىمار ئويناپ باشنى قاتۇرۇشنىڭ ئورنىغا بىر ئايەت، بىر ھەدىس بولسىمۇ ئۆگىنىشىمىز، قاتار چاي ئويناشنىڭ ئورنىغا كىتاب ئوقۇپ، ئۆزىمىزنىڭ، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن ۋاقىت ئاجرىتىشىمىز لازىم. بۇنداق قىلىش ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلغانلىقىمىز ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئاخىرەت كۈنىدە بىزدىن ئالدىغان ۋاقتىنىڭ سوئال-سورىقىغا ياخشى تەييارلىق قىلغانلىقىمىز ھېسابلىنىدۇ.

2. يېمەك-ئىچمەك ئىسراپچىلىقى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَكُلُوا وَاشْرَبُوا وَلَا تُسْرِفُوٓا إِنَّهُ لَا يُحِبُّ الْمُسْرِفِينَ﴾

**﴿يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار. ئاللاھ تائالا ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ﴾ (7 - سۈرە / ئەئراف 31 - ئايەت)**

ھازىر جەمئىيىتىمىزدە نۇرغۇن كىشىلەر ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئەمرىنى ئۇنتۇپ، ھەر خىل ئىسراپچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. توي-تۆكۈن، نەزىرە-چىراغ ۋە ھەر خىل يىغىلىشلاردا تاماقنى ئېھتىياجدىن سىرت بۇيرۇتۇۋېلىش نەتىجىسىدە تاماقلار تۆكۈلۈپ ئىسراپ بولۇۋاتقان ئەھۋاللار ناھايىتى ئېغىر بولۇۋاتىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: إِذَا أَكَلَ أَحَدُكُمْ طَعَامًا، فَلاَ يَمْسَحْ أَصَابِعَهُ حَتَّى يَلْعَقَهَا أَوْ يُلْعَقَهَا.] (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ)

**”ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: سىلەرنىڭ بىرىڭلار تاماقنى يەپ بولسا، قولىنى يالىۋەتمىگۈچە ياكى يالاتقۇزۇۋەتمىگۈچە سۈرتىۋەتمىسۇن.“ (ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان)**

دېمەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە تاماقنى ئاشۇرۇپ قويۇپ، تۆكۈۋېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، قولىدىكى تاماق قالدۇقلىرىنىمۇ قالدۇرماي يەۋېتىش ئارقىلىق ئىسراپ قىلىشتىن چەكلىگەن. يەنە بىر تۈرلۈك ئىسراپچىلىق ھەددىدىن زىيادە تويۇنۇپ تاماق يېيىشتىن ئىبارەتتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن بىزنى چەكلەپ مۇنداق دېگەن:

[عَنْ الْمِقْدَامِ بْنِ مَعْدِي يَكْرِبَ رَضِىَ اللّٰهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولَ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: مَا مَلَأَ آدَمِيٌّ وِعَاءً شَرًّا مِنْ بَطْنٍ بِحَسْبِ ابْنِ آدَمَ أُكُلَاتٌ يُقِمْنَ صُلْبَهُ فَإِنْ كَانَ لَا مَحَالَةَ فَثُلُثٌ لِطَعَامِهِ وَثُلُثٌ لِشَرَابِهِ وَثُلُثٌ لِنَفَسِهِ.] (رَوَاهُ التِّرْمِذِيُّ)

**”مىقدام ئىبنى مەئدى يەكرىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئادەم بالىسى قورساقتىن يامانراق قاچىنى تويغۇزۇپ باقمىدى. ئادەمگە بەدىنىنى تىك تۇتقۇدەك يېيىش كۇپايە. ئەگەر پەقەت بولمىسا، ئۈچتىن بىرىگە تاماق يېسۇن، ئۈچتىن بىرىگە سۇ ئىچسۇن. ئۈچتىن بىرىنى نەپەسلىنىش ئۈچۈن قالدۇرسۇن.“ (ئىمام تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان)**

بەزىلەر ”ياخشى تاماق ئېشىپ قالغۇچە يامان قورساق يېرىلىپ كەتسۇن“ دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ دەپ ئۆزلىرىنىڭ كۆپ يېيىشىگە باھانە ئىزدىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ گەپ دىنىمىزنىڭ روھىغا تۈپتىن خىلاپ. شۇنداقلا، ھازىرقى مېدىتسىنا تەتقىقاتچىلىرى تەۋسىيە قىلىۋاتقان ئىلمىي ئوزۇقلىنىش ئادىتىگە ۋە ساغلاملىق قانۇنىيىتىگە پۈتۈنلەي زىت كېلىدۇ.

قېرىنداشلار! بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ئۆمۈر تويغۇدەك تاماق يەپ باقمىغانلىقىنى ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويمايلى. بىز چوقۇم ئىلگىرىكى

ئاچارچىلىق دەسلەپتىدىن دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى كۆكتات ئورنىدا، ئوت-چۆپ مايسىلىرىنى ئاشلىق ئورنىدا يېگەن، قورساق ئاچلىقى سەۋەبىدىن چوڭلار ئەتراپقا يېگۈدەك نەرسىنىڭ بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ چوڭقۇر ئۈھسىنىپ قارىسا، كىچىك باللار ئاتا-ئانىلىرىنىڭ قوللىرىغا بىچارىلەرچە تەلمۈرۈپ قارىغان، بۇۋاق باللار ئاچلىقتىن قاتتىق چىقىراپ يىغلاشقان مەزگىللەرنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايلى! "نېمىنى خارلىساڭ شۇنىڭ قەدرى ئۆتۈلىدۇ" دېگەندەك بىز ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە بەرگەن نېمەتلىرىنى خارلاپ قويساق ئاللاھ تائالا بۇنىڭ قەدرىنى بىزگە بۇرۇنقى ئاچارچىلىق دەۋرىدىكىدەك تونۇتۇپ قويۇشى تۇرغانلا گەپ. ھازىر ئاچارچىلىق يۈز بېرىۋاتقان دۆلەتلەردىكى ئەھۋاللارنى ھەممىمىز كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك بۇ ئاپەتلەرنىڭ بىزدىن يىراق ئەمەسلىكىنى بىلىۋالايمىز. شۇڭلاشقا بۇنداق ناچار ئادەتلەر بىزدە كۆرۈلگەن ھامان ئۆز-ئۆزىمىزگە تەربىيە قىلىشىمىز ۋە ئاچارچىلىق رايونلاردىن ئىبرەت ئېلىشنى ئۆزئارا تەكىتلىشىمىز كېرەك.

3. ساغلاملىقنىڭ قەدرىلمەي، ئۇنى زايا قىلىۋېتىش جەھەتتىكى ئىسراپچىلىق:

بىزدە ئادەمنى ئېچىندۇرىدىغان يەنە بىر خىل ئىسراپچىلىق بولۇپ، ئۇ دەل بىزدىكى ساغلاملىقنى زايا قىلىۋېتىش ئىسراپچىلىقىدۇر. ھازىر ئادەملەر ساغلاملىقنى قانداق ئىسراپ قىلىۋاتىدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئىسلامىي ئەخلاقنى چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن نەپسى-خاھىشىغا ئەگىشىپ زىنا، پاھىشە يوللىرىغا كىرىپ كېتىۋاتىدۇ. يەنە بەزى كىشىلەر شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىگە ئالدىنىپ، ھاراق، تاماكىغا بېرىلىپ، ھاراق ئارقىلىق ساغلاملىقنىڭ ئاساسى بولغان يۈرەك، مېڭە، بۆرەك قاتارلىق ئەزالىرىنى زىيانغا ئۇچراتسا، تاماكا ئارقىلىق سالامەتلىكىنىڭ يادروسى بولغان ئۆپكىسىنى كاردىن چىقىرىۋاتىدۇ. ھەتتاكى بەزى كىشىلەر ئاق ئالۋاستى خېرۇئىنغا ئۆگىنىپ قىلىپ، ئۆزىنى ياكى تىرىكلەر سېپىگە ياكى ئۆلۈكلەر سېپىگە تەۋە بولمىغان بىر ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويماقتا.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ ابْنِ عَبـَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنـْهُ قَالَ قَالَ رَسُـولُ اللهِ صَـلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَـلَّمَ: لاَضَرَرَ وَلاَضِرَارَ.] (رَوَاهُ الْحَاكِمُ)

**”ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئۆزىگىمۇ ۋە باشقىلارغىمۇ زىيان سېلىشقا بولمايدۇ.“ (ئىمام ھاكىم رىۋايەت قىلغان)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن :

[عن جابر رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: كُلُّ مُسْكِرٍ حَرَامٌ، إِنَّ عَلَى اللهَ عَزَّ وَجَلَّ عَهْدًا لِمَنْ يَشْرَبُ الْمُسْكِرَ أَنْ يَسْقِيَهُ مِنْ طِينَةِ الْخَبَالِ، قَالُوا : يَا رَسُولَ اللهِ، وَمَا طِينَةُ الْخَبَالِ ؟، قَالَ : عَرَقُ أَهْلِ النَّارِ أَوْ عُصَارَةُ أَهْلِ النَّارِ.] (رَوَاهُ مُسْلِمٌ)

**”جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ھەر بىر مەست قىلغۇچى نەرسە ھارامدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ مەست بولغۇچىنى تىينەتۇل خەبالدىن سۇغۇرۇش ئەھدىسى بار. تىينەتۇل خەبال دېگەن نېمە؟ دېيىلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: ئۇ دوزاخ ئەھلىنىڭ تەرىدۇر.“ (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

دېمەك، ھاراق ئىچىپ مەست بولغان بولسۇن ياكى ئەقلىنى يوقىتىدىغان نەرسىلەرنى چېكىپ مەست بولسۇن ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئەقىل ۋە ساغلاملىقتىن ئىبارەت ئەڭ ئېسىل نېمىتىنى زايا قىلغانلىقىدىن يۇقىرىقى قاتتىق جازاغا ئۇچرايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :

[عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ: قَالَ رَسُـولُ اللهِ صَـلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَـلَّمَ: نِعْمَتَانِ مَغْبُونٌ فِيهِمَا كَثِيرٌ مِنَ النَّاسِ ؛ اَلصِّحَّةُ وَالْفَرَاغُ.] (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ)

**”ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيسسالام مۇنداق دېگەن: نۇرغۇن كىشىلەر (قەدرىنى بىلمەي) زىيان تارتىدىغان ئىككى نېئمەت بار. ئۇ بولسىمۇ سالامەتلىك ۋە بوش ۋاقىت.“ (ئىمام بۇخاري رىۋايەت قىلغان)**

ئىنسانىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ۋە ئەڭ زور بايلىقى ساغلاملىقتۇر. يەنە بەزى كىشىلەر بۇ نۇقتىنى چۈشەنسىمۇ، ساغلاملىقنى قانداق قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى داۋاملىق ساقلاپ تۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلىنى بىلەلمەي، كەچكىچە تېلېۋىزور كۆرۈپ ئەتىسى كۈن چىققۇچە ئۇخلايدۇ. ئورنىدىن تۇرۇپمۇ، ھەرىكەت قىلماي، ئۆيدە بىكار ئولتۇرۇش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزىدۇ. لېكىن كۈن ئۆتكەنسېرى سالامەتلىكى ئاجىزلىشىپ، روھى جەھەتتىن چۈشكۈنلىشىپ كېتىدۇ.

سالامەتلىكنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلىنى بىزگە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: بەش ۋاقىت نامازنى كىم ۋاقتىدا ئوقۇسا، ئاللاھ ئۇنى توققۇز خىل كارامەت بىلەن تارتۇقلايدۇ: 1) ئاللاھ ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ؛ 2) ئۇنىڭ بەدىنى ساغلام بولىدۇ؛ 3) ئۇنى پەرىشتىلەر قوغدايدۇ؛ 4) ئائىلىسىگە بەرىكەت ياغىدۇ؛5) يۈزىدە سالىھلار سىيماسى زاھىر بولىدۇ؛ 6) ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىنى يۇمشاق قىلىدۇ؛ 7) سىرات كۆۋرۈكىدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كېتىدۇ؛ 8) ئاللاھ ئۇنى دوزاختىن ساقلايدۇ؛ 9) قىيامەتتە قورقۇنچ يوق ۋە غەمسىز كىشىلەر بىلەن بىرگە تۇرىدۇ.

يۇقىرىقى بايانلار بىز نامازنىڭ سالامەتلىكنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى مۇھىم ئامىل ئىكەنلىكى ئېنىق بىلىۋالالايمىز. ئەمەلىيەتكە قارايدىغان بولساق، مۇسۇلمان بولمىغان كىشىلەرمۇ تاڭ سەھەردە بەدەن چېنىقتۇرىدۇ. ھەرىكەت قىلىپ سالامەتلىكىگە مەبلەغ سالىدۇ. بىز بولساق بەش ۋاخ ناماز ئارقىلىق سالامەتلىكىمىزگە مەبلەغ سېلىپلا قالماي، ئاخىرەتلىكىمىزگىمۇ مەبلەغ سالىمىز. كۈندە بەش قېتىم بىرىپ-كېلىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەھەر تۇرۇپ، بالدۇر ئۇخلاش ئادىتى بىزنى تېخىمۇ ساغلام قىلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا ساغلاملىقىمىزنى قەدىرلەپ ۋە ئۇنى قوغداپ، بىزنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادىتىمىزنىڭ كاپالىتى بولغان دىنىمىزنى ھەقىقىي تۈردە چۈشىنىش ئۈچۈن قۇرئان ئۆگىنىپ، تەتقىقات ئېلىپ بارايلى. قۇرئاننىڭ بۇيرۇق- چەكلىمىرىگە ئەمەل قىلىپ، روھىي ۋە جىسمانىي ساغلاملىقنى قولغا كەلتۈرەيلى.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن:

﴿ثُمَّ لَتُسْأَلُنَّ يَوْمَئِذٍ عَنِ النَّعِيمِ﴾

**﴿ئاندىن ئۆزۈڭلارغا بېرىلگەن نېمەتلەر توغرۇلۇق بۇ كۈندە سوراققا تارتىلىسىلەر﴾ (102 ـ سۈرە / تەكاسۇر 8 ـ ئايەت)**

بىز بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلاپ، ساغلاملىقتىن ئىبارەت بۇ نېمەتنىڭ سورىقىدىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن ساغلام ھالەتلىرىمىزدە ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن كۆپلەپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشىمىز لازىم. ساغلام ھالەتلىرىنى ئارزۇ قىلىشىپ ۋە ئۇنى زايا قىلغانلىقلىرىغا پۇشايمان قىلىشىپ، ماڭاي دېسىمۇ ماڭالماي، تۇراي دېسىمۇ تۇرالماي، نەپەس ئالاي دېسىمۇ نەپەس ئالالماي، كۆزىنى ئاچاي دېسىمۇ ئېچىشقا قادىر بولالماي، ئۆزىنىڭ ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىقىنى ئۆزى قاندۇرالماي، ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن ئۆزى چىقالماي يېرگەن كىشىلەردىن ئىبرەت ئېلىپ ساغلاملىقىمىزنى قەدىرلەپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىمىز ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى قىلايلى.

4. قەبرىستانلىقتىكى ئىسراپچىلىق:

ئارىمىزدا بەزى كىشىلەر باركى، ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ھايات ۋاقتىدا ئۇلارغا ئازراق سوۋغات ھەدىيە قىلىشقا كۆڭلى ئۇنىمايدۇ ـ يۇ، لېكىن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن قەبرىلىرىنى نەقىشلەپ ياساپ ، ھەر خىل بېزەپ، ئېگىز گۈمبەز قىلىپ قاتتۇرۇپ نۇرغۇن پۇلنى ئورۇنسىز سەرپ قىلىۋېتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ جَابِرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ نَهَى رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنْ يُجَصَّصَ الْقَبْرُ وَأَنْ يُقْعَدَ عَلَيْهِ وَأَنْ يُبْنَى عَلَيْهِ.] (رَوَاهُ مُسْلِم)

**”جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەبرىگە گەج ئىشلىتىشتىن ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشتىن ۋە قۇرۇلۇش قىلىشتىن (يەنى قەبرە قاتتۇرۇش، گۈمبەز ياساشقا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىشتىن) مەنئى قىلدى.“ (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

دىنىنىڭ روھىنى چۈشەنمىگەن ئەنە شۇ كىشىلەر دىنىمىزنىڭ

كۆرسەتمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى جاپادا قويۇۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇلار شۇ سەرپ قىلغان پۇللىرىنى شۇ ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشلىرى ھايات ۋاقتىدا ئۇلار ئۈچۈن خەجلىگەن بولسا قانچىلىك ساۋاب بولاتتى ـ ھە. ئۇلار پۇل مالنى ئىسراپ قىلىش گۇناھىنى تارتقاننىڭ ئۈستىگە، مېيىتكە زىيىنى يېتىدىغان ئىشلارنى قىلىپ قوشلاپ زىيان تارتىۋاتىدۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا ئۈچۇقتىن ـ ئۈچۇق قارشى ئىش قىلىپ، ھالاكەتكە قاراپ مېڭىۋاتىدۇ. مىسىرلىق ئالىم باقۇرى: "ئىسلام دىنى تىرىكلەر ئارىسىدا باراۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلىدىغان تۇرسا، ئۆلۈكلەر ئارىسىدا ئايرىمچىلىق قىلىشقا قانداقمۇ قاراپ تۇرسۇن" دېگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قېرىنداشلار، دۇنيادا قوغلىشىپ تۇگىتەلمىگەن قۇرۇق نام ـ ئابرۇيىنى ئاخىرەت يۇرتىغا ئېلىپ بارماي، ئاخىرەتتىكى ئىززەت ـ ھۆرمەتنىڭ پەقەتلا ياخشى ئەمەل ئىكەنلىكىنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇپ، پۇللىرىمىزنى قەبرە ياساش، بېزەشتىن ئىبارەت بىدئەتكە خەجلىمەستىن، ۋاپات بولۇپ كەتكەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ روھىغا ئاتاپ ياخشى يوللارغا خەجلەيلى. ئاللاھ ھەممىمىزگە ساغلام ئەقىل، ئويغاق قەلب ئاتا قىلسۇن.

5. ھەشەمەتچىلىك:

ھەشەمەتچىلىك مۇسۇلمانلار ئارىسىغا سىڭىپ كىرگەن خەتەرلىك كېسەل. چۈنكى مۇشۇ ھەشەمەتچىلىك سەۋەبىدىن نۇرغۇن باللار ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەي كۆزلىرى ياشقا تولماقتا. نۇرغۇن ئاجىز، مېيىپلار ياردەمگە ئېرىشەلمەي زار ـ زار قاقشىماقتا. مۇسۇلمانلارنىڭ سۈپىتى ھەققىدە بۈيۈك پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿وَالَّذِينَ إِذَآ أَنْفَقُوا لَمْ يُسْرِفُوا وَلَمْ يَقْتُرُوا وَكَانَ بَيْنَ ذَلِكَ قَوَامًا﴾

**﴿ ئۇلار خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇراھال خىراجەت قىلىدۇ﴾ (25 ـ سۈرە / فۇرقان 67 ـ ئايەت)**

دېمەك، مۆمىنلەر ئۆي ـ جايلىرىنى رەتلىك، پاكىزە قىلسا، تويـ تۆكۈنلەردە گۈزەل، پاكىزە، يارىشىملىق، مۇسۇلمانلارغا مۇناسىپ ھالدا كىيىنسە كۇپايە.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: "كىم بىر تەڭگە پۇلنى لايىق بولمىغان ئورۇنغا خەجلىسە، ھەقىقەتەن ئۇ ئىسراپچىلىق قىلغان بولىدۇ." دېمەك، نۇرغۇن كىشىلەر بىر تەڭگە ئەمەس، نەچچە ئۇن مىڭ ھەتتا نەچچە يۈز مىڭلىغان پۇللارنى نالايىق بولغان ئورۇنلارغا خەجلەۋاتىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿مَنْ ذَا الَّذِي يُقْرِضُ اللَّهَ قَرْضًا حَسَنًا فَيُضَاعِفَهُ لَهُ وَلَهُ أَجْرٌ كَرِيمٌ﴾

**﴿ئاللاھقا ياخشى قەرز بېرىدىغان (يەنى ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىدىغان) كىشى بارمۇ؟ ئۇنداق كىشىگە ئاللاھ ئۇنى ھەسسىلەپ قايتۇرىدۇ، ئۇنىڭغا كاتتا ساۋاب بېرىدۇ﴾ (57 ـ سۈرە / ھەدىد 11 ـ ئايەت )**

6. سۇ ۋە توكلارنى ئىسراپ قىلىش:

بۇ نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئېڭىغا سىڭىپ كەتكەن ئىسراپچىلىقنىڭ بىر تۈرى. كىشىلىك تۇرمۇشىمىزدا مەيلى شەخسىي مۈلۈك بولسۇن، مەيلى جامائەت مۈلكى بولسۇن ئىسراپچىلىق قىلىش چەكلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېگەن:

﴿وَسَخَّرَ لَكُم مَّا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ جَمِيعًا مِّنْهُ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ﴾

**﴿ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز مەرھەمىتىدىن سىلەرنىڭ مەنپەئەتلىنىشىڭلار ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەردى، بۇنىڭدا تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن دەلىللەر بار﴾ (45 ـ سۈرە / جاسىيە 13 ـ ئايەت)**

دېمەك، پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ھەممە نەرسىنى بىزنىڭ مۇۋاپىق پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن ياراتقان، ھەرگىزمۇ ئىسراپ قىلىش ئۈچۈن ياراتقان ئەمەس.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېگەن:

﴿لِلَّهِ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ﴾

**﴿ ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى شەيئىلەر ئاللاھنىڭدۇر﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 284 ـ ئايەت)**

سىز ھەر قاچان ئاللاھنىڭ مۈلكىنى ئىشلىتىۋاتقىنىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭىز كېرەك. يەنە شۇ ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بەزى بايلىقلارنى ۋاقتى كەلگەندە يۆلىمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدۇ.

ئاللاھ تائالا ﴿قۇرئان كەرىم﴾ دە مۇنداق دېگەن:

﴿قُلْ أَرَأَيْتُمْ إِنْ أَصْبَحَ مَآؤُكُمْ غَوْرًا فَمَن يَأْتِيكُم بِمَآءٍ مَّعِينٍ﴾

**﴿ئۇلارغا يەنە ئېيتقىنكى، «سۈيۈڭلار سىڭىپ كەتسە، دەپ بېقىڭلارچۇ، سىلەرگە كىم ئېقىن سۇ كەلتۈرۈپ بېرىدۇ؟»﴾ (67 ـ سۈرە / مۈلك30 ـ ئايەت)**

دېمەك، ئاللاھ تائالا بارلىق سۇلارنى چەكلەپ قويسا، ئۇنىڭغا پۇل ـ مال ئارقىلىقمۇ ئېرىشكىلى بولمايدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېرىقتا ئېقىۋاتقان سۇدىنمۇ نامۇۋاپىق پايدىلانسا ئىسراپچىلىق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. سىز تۇرۇبىدىكى پاكىزە سۇنى بىكاردىن ـ بىكار چۈشۈرۈۋەتسىڭىز ئىسراپچىلىق بولمامدۇ؟ بىز چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپى كېلىپ، سۇنى چەكلەپ، قەھەتچىلىكتە دۇچار قىلىشىدىن بۇرۇن سۇنى قەدىرلەپ، سۇنى ئاسراپ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشايلى.

ئۇنىڭدىن باشقا ئارىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەردە كۆرۈلىدىغان مەسچىت ھاجەتخانىسى ۋە تاھارەت ئېلىش ئورۇنلىرىدىكى ئىسراپچىلىقمۇ دىققىتىمىزنى تارتماي قويمايدۇ. بەزى كىشىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئۆيى بولغان مەسچىتنىڭ ئۈسكۈنە سايمانلىرىنى، ئەسلىھەلىرىنى ئاسرىماي زىيانغا ئۇچرىتىۋاتىدۇ. ئاللاھنىڭ ئۆيىدىكى نەرسىلەرنى زىيانغا ئۇچرىتىش باشقا جايلاردىكى نەرسىلەرنى زىيانغا ئۇچرىتىشقا ئوخشامدۇ؟ كۆپچىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشىغا زور ياردىمى بولۇۋاتقان ئاشۇ نەرسىلەرنى زىيانغا ئۇچرىتىش ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشىغا توسالغۇ بولۇش ۋە قىيىنلاشتۇرۇشۇش ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئىش ئەمەلىيەتتە ئۆزىڭىز ھەم باشقىلارنىڭ خاتىرجەم، قولاي ئىبادەت قىلىش مۇھىتىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. يەنە بەزى كىشىلەر تاھارەت ئالغاندا

سۇنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئىشلىتىش، جۈمەكنى ئەتمەي ئىشلىتىش ئارقىلىق ئىسراپچىلىق قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئېلىشتىمۇ ئىسراپچىلىق بولمىسۇن ئۈچۈن بىزگە مۇنداق ئۈلگە كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىدە مۇنداق بايان قىلىنغان.

[عَنْ أَنَسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَقُولُ : كَانَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَغْسِلُ أَوْ كَانَ يَغْتَسِلُ بِالصَّاعِ إِلَى خَمْسَةِ أَمْدَادٍ وَيَتَوَضَّأُ بِالْمُدِّ.] (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ)

**"ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر سائ بىلەن بەش مۇدقىچە سۇ بىلەن غۇسلى قىلاتتى. بىر مۇد سۇ بىلەن تاھارەت ئالاتتى." (ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان)**

**(بىر مۇد 508.7 گىرام. تۆت مۇد بىر ساغا تەڭ.)**

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلىرىمىز تۇرمۇشىمىزدىكى بىز سەل قاراۋاتقان، ئەمما زىيىنى چوڭ بولۇۋاتقان بىر قىسىم ئىسراپچىلىقلاردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ھەرخىل مۇھىتلاردىكى نۇرغۇن ئىسراپچىلىقلار ھېلىھەم مەۋجۇد. بىز مۇسۇلمانلار ھەرقانداق شەكىلدىكى ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇپلا قالماستىن، بۇ جەھەتتە ئەتراپىمىزدىكىلەرگە ئۈلگە بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى نامايەن قىلىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز مۇسۇلمانلار ھەرقانداق ئىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىپ، ئۇنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىنى ئۆزىمىزنىڭ كۈندىلىك قانۇن-پىرىنسىپىمىز قىلغاندىلا بارلىق ئىسراپچىلىقلاردىن ساقلىنالايمىز، قىيامەت كۈنىدىكى ھېساب-كىتابتىن ئامان-ئېسەن ئۆتۈپ كېتەلەيمىز. ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى ئىسراپچىلىقتىن يىراق بولۇشقا، ئاتا قىلغان نېمەتلىرىدىن ياخشى مۇۋاپىق پايدىلىنىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ رەھمىتىگە ۋە مۇكاپاتىغا ئېرىشىشكە مۇيەسسەر قىلسۇن. ئامىن!

وآخر دعوانا أن الحمد لله رب العلمين

# بۇلاقتاغ رايونلۇق قىزىل مۇنار مەسچىتىنىڭ قىسقىچە تارىخى

قىزىل مۇنار مەسچىتى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مەركىزىدىن ئورۇن ئالغان بولۇپ، بۇلاقتاغ رايونى قىزىلتاغ يولى شىمالىي باش بۆلىكىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. ھازىرقى ئىشىك رەت نومۇرى: 33 ـ نومۇر، رويخەت نومۇرى: Y080050157، بۇ مەسچىت بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا دەۋر ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، مۇناسىپ ھالدا "شىنىمىن يولى مەسچىتى"، "قىزىلتاغ مەسچىتى"، "قىزىل مۇنار مەسچىتى" دېگەندەك ئوخشىمىغانناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. بۈگۈنكى كۈندىكى قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان يېڭى مەسچىت بىناسى 2010 ـ يىلىنىڭ بېشى پۈتكەن بولۇپ، پايدىلىنىشقا باشلىغاندىن كېيىن ئەل ـ جامائەتنىڭ ئارزۇسىغا مۇۋاپىق ئەسلىدىكى «قىزىلتاغ مەسچىت» نامىدىن ھازىرقى «قىزىل مۇنار مەسچىت»دەپ ئاتاش ئومۇملاشتى. بۇ مەسچىت ئەتراپىدىكى مۇسۇلمان ئاممىنىڭ تارقاق ئولتۇراقلىشىشى ۋە مەسچىدىكى جامائەت سانىنىڭ ئاز بولۇشىغا قارىماي ئۆزۈندىن بېرى ئۆز ئورنىنى ئىزچىل ساقلاپ كەلگەن.

## مەسچىتنىڭ دەسلەپ بىنا بولۇشى

يازما مەنبەلەر ۋە ئەسلىمىلەرگە قارىغاندا قىزىل مۇنار مەسچىتى 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەتراپتىكى كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان سورۇننىڭ بولماسلىقى سەۋەبىدىن جامائەتنىڭ كۈچلۈك تەلەپ ـ ئارزۇسىغا ئاساسەن نۇردۇن ھاشىم ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ ئۆزى باش بولۇپ ئىقتىسادىي جەھەتتىن مەبلەغ چىقىرىشى، باشقا مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا بېيىمىن«توگە دەڭ» نىڭ شىمالىغا، يېكەنكۆلنىڭ جەنۇبىغا سېلىنغان. ئەينى چاغدىكى مەسچىت قۇرۇلمىسى 1975 ـ يىلى 90 كۋادرات مېتىر كۆلەمدە ئاددىي

كىسەك تام ئاساسىدا بەرپا قىلىنىپ، شۇ ئەتراپتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمان ئاممىسىغا ناماز ئوقۇش سورۇنىنى ھازىرلاپ بەرگەن.

بۇ جەرياندا دىندا مەخسۇس تەربىيەلەنگەن مۇكەممەل ئىلىم تەھسىل قىلغان بىر ئۆلىمانىڭ بولماسلىقى سەۋەبلىك، نۇردۇن ھاشىم ئۆزى «قۇرئان كەرىم» نى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، جامائەت ئالدىغا ئۆتۈپ ئىمامەتچىلىك قىلغان. ئەتراپتىكى كىشىلەرنى مەسچىتكە كېلىپ ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغان. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ كىشى كېسەل سەۋەبلىك ئىمامەتچىلىكنى داۋاملاشتۇرالمىغان. كېيىنكى يىللاردا (يەنى 1995 ـ يىلدىن 2007 ـ يىلغىچە) ئاققارى ئىسىملىك بىر كىشى نۇردۇن ھاشىمنىڭ ئىزىنى بېسىپ ئىزچىل ئىمامەتچىلىك قىلىپ كەلگەن. 2008 ـ يىلى 6 ـ ئايغا كەلگەندە ئاللاھ تائالاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، بولاقتاغ رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ئارقىسىدا، شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن سابىتجان داموللام ئىمامەتچىلىككە تەيىنلەندى. مەسچىتتە ۋەز ـ تەبلىغ سۆزلەش، كەڭ جامائەتچىلىكنى توغرا يولغا باشلاش، خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىدا باشلامچىلىق رول ئويناش ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بۇ مەسچىت ئىككى قېتىم يېڭىلاپ ياسالغان. بۇ مەسچىتنىڭ دەسلەپكى چاغدىكى ئىشىكى جەنۇب تەرەپكە قارىتىلىپ ئېچىلغان. مەسچىتنىڭ تۆت ئەتراپى ئاھالىلەر ئولتۇراق بىنالىرى بىلەن قورشالغان.

## مەسچىتنىڭ ئىككىنچى قېتىم يېڭىلىنىپ ياسىلىشى

2010 ـ يىلى 2 ـ قېتىم مەسچىت چېقىلىپ ئەسلىدىكى ئورۇندىن غەربىي شىمال تەرەپكە يۆتكىلىپ، مەسچىت ئىشىكى شەرققە قارىتىپ ئېچىلغان، ئەسلىدىكى خام كېسەك قۇرۇلمىدىن پىششىق خىشقا ئۆزگەرتىلىپ ئەسلىدىكى 90 كۋادرات مېتىردىن 330 كۋادرات مېتىرغا كېڭەيتىلىپ (يەر ئاستى 165 كۋادرات مېتىر، يەر ئۈستى 165 كۋادرات مېتىر) ئەسلىدىكى ھالىتىدىن 240 كۋادرات مېتىر چوڭايتىلدى، ئەسلىدىكى ئاددىي، قاراڭغۇ ھالىتىدىن بۈگۈنكىدەك

ئازادە، يورۇق ھالەتكە كەلتۈرۈلدى.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلۇش، بولاقتاغ رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى رەھبەرلىرىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا، ئىنيوەن تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى 60% مەبلەغ، مەسچىت 40% مەبلەغ چىقىرىپ، ئەسلىدىكى ئۆلچەمدىن 240 كۋادرات مېتىر چوڭايتىلىپ سېلىنغان. بۇ قېتىمقى قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا جېلىل ھاجى، ئىبراھىم ھاجى، ئەمەتخان، ساتتار، ئوسمان ئاخۇن ۋە يېڭى تەيىنلەنگەن سابىتجان ئىمام قاتارلىق كىشىلەر يېتەكچىلىك قىلغان.

دېمەك، بۈگۈنكى كۆركەم قىزىل مۇنار مەسچىتى 1975-يىلى قۇرۇلۇپ، 35 يىللىق جاپالىق قەھرىتان سوغۇق، پىژغىرىم ئىسسىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرى 2010-يىلى ئەسلىدىكى قولايسىز شارائىتقا خاتىمە بېرىپ، بۈگۈنكىدەك ئازادە مۇھتىقا ئېرىشكەن. بۇ قېتىمقى قۇرۇلۇش مەسچىت جامائەتلىرى ھەر جۈمە كۈنى يىغىش قىلىپ توپلىغان ۋە ئۇرۇمچى شەھىرىدىكى ھەرقايسى مەسچىتلەرنىڭ ئىقتىسادى جەھەتتىكى ياردىمى نەتىجىسىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن.

شۇ ۋاقىتتىكى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ باھاسى بويىچە مەسچىت قۇرۇلۇشىغا بىر مىليون يۈەنگە يېقىن مەبلەغ كەتكەن. ھازىرقى مەسچىت سەيناسىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 500 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

مەسچىت يېڭىلىنىپ سېلىنغاندىن كېيىن سابىتجان داموللام باشچىلىقىدا مەسچىت ھەيئەت ئەزالىرى قايتا سايلىنىپ چىقىلدى، ئۇلار بولسا: ئابدۇللا قانۇنىي ۋەكىل، ئوبۇل ئاخۇن مۇئەززىن، ئوبۇل ئاخۇن ۋە ئەمەتخان قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. مەسچىت ھەيئەت ئەزالىرى مەسچىتنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ۋە تەسىرىنى تېخىمۇ ياخشىلاش ئۈچۈن بىر قاتار پرىنسىپلارنى تۈزۈپ ئۇنى مەسچىتنىڭ باشقۇرۇش پائالىيەتلىرىدىكى يېتەكچى مىزانى قىلدى. مەسىلەن:

1. ھەر ۋاقىت مەسچىت جامائەتلىرىنىڭ ئۆزئارا ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاش ئۈچۈن تىرىشىش.

2. مەسچىتتىكى دىنىي پائالىيەتلەردە ئۇزۇن يىللىق ئېسىل ئەنئەنىلەرگە

ۋارىسلىق قىلىش.

3. جامائەتنى ھەر جەھەتتىن ساغلام ئىدىيە ۋە توغرا ئەقىدە بىلەن يېتەكلەشكە كاپالەتلىك قىلىش.

4. دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ نورمال، خاتىرجەم، ئازادە ئادا قىلىنىشى ئۈچۈن ھەرقانداق ۋاقىتتا مەسچىت مۇقىملىقىنى ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلىش.

5. مەسچىتكە دەرد ئېيتىپ كەلگەن كېسەل، كەمبەغەل، ئاجىز كىشىلەرگە، مۇساپىرلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ئىمكانقەدەر ياردەم قولىنى سۇنۇش.

6. مەسچىت ئەتراپىدىكى ياشانغان، كېسەلچان، جامائەتلەرنىڭ ھالىدىن داۋاملىق خەۋەر ئېلىپ يوقلاپ تۇرۇش.

7. مەسچىتكە ئېلىپ كېلىنگەن مېيىتلارنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش.

يۇقىرىقى قائىدە-مىزانلار ئاساسىدا، قىزىل مۇنار مەسچىتى جامائەتكە پايدىلىق نۇرغۇنلىغان پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، جەمئىيەتتە ياخشى تەسىر قوزغىدى. بولۇپمۇ 2010-يىلىنىڭ مابەينىدە نۇرغۇنلىغان يېتىم-يېسىر، كېسەللەردىن ھال سوراپ ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولدى. قىزىل مۇنار مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى يېقىنقى يىللاردىن بېرى مەسچىتنىڭ شارائىتىنى تېخىمۇ ياخشىلاش، مەسچىت ئىچىگە ئۆلچەملىك جايناماز سېلىش، ئاۋاز ياڭراتقۇلىرىنى يېڭىلاپ، يېقىملىق ئاۋازدا چىقىرىش، مەسچىتنى توك سەرپىياتى تۆۋەن ئالاھىدە ئىقتىدارلىق لامپۇچكىلار بىلەن يورۇتۇش ۋە مەسچىت ئىچىگە كىتاب جاھازىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، جامائەتنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىدىن چىقىش قاتارلىق نۇرغۇنلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلەپ كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە. شۇڭا، قىزىل مۇنار مەسچىتى 2013-يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك بۇلاقتاغ رايونى بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى « بەشتە ياخشى » دىنىي پائالىيەت سورۇنى بولۇپ باھالاندى. ئاللاھ تائالا جامائەتلىرىمىزگە رەھمەت ئاتا قىلغاي! مەسچىتىمىزنى ھىدايەت يولىدا يېتەكچى قىلغاي!

# ھەدىس شەرھىسىنىڭ تەرجىمىلىرىدىن ئۆرنەكلەر

## كتاب الإيمان[1](ئىمان ھەققىدە)

**10. عَنْ عَبَّادِ بْنِ تَمِيمٍ عَنْ عَمِّهِ أَنَّهُ شَكَا إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الرَّجُلُ الَّذِي يُخَيَّلُ إِلَيْهِ أَنَّهُ يَجِدُ الشَّيْءَ فِي الصَّلاَةِ فَقَالَ: "لاَ يَنْفَتِلْ أَوْ لاَ يَنْصَرِفْ حَتَّى يَسْمَعَ صَوْتًا أَوْ يَجِدَ رِيحًا".**

”ئەبباد ئىبنى تەمىمدىن ئۇنىڭ تاغىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: نامازدا تاھارەتنى بۇزىدىغان بىر ئىشنى سېزىۋاتقاندەك ئۆزىگە بىلىنىۋاتقان كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئەھۋال ئېيتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: ئۇ ئاۋازنى ئاڭلىمىغۇچە ياكى پۇراقنى پۇرىمىغۇچە كېتىپ قالمىسۇن ياكى ئايرىلمىسۇن.“

### المعنى العام (ئومۇمىي مەنىسى)

**سبحان من خلق الإنسان وفي طبعه الشك والنسيان، ثم سلط عليه الشيطان الوسواس الخناس، ليأتيه من بين يديه ومن خلفه وعن يمينه وشماله ليوسوس له، ويشككه في عبادته، ويخرجه من الإقبال على ربه، سبحانه جل شأنه يعلم من خلق وهو اللطيف الخبير، خفف عن الإنسان، ورفع عنه الحرج والضيق أمام الشك والوسواس. رسم له قاعدة استصحاب الأصل وطرح الشك، وإبقاء ما كان على ما كان.**

ئىنسانىنى ئۆزىنىڭ تۇغۇلما خاراكتېرىدە گۇمان ۋە ئۇنتۇش بار بولغان ھالدا ياراتقان ئاندىن ۋەسۋەسە قىلغۇچى يوشۇرۇن شەيتاننى ئىنسانغا ۋەسۋەسە قىلىش، ئۇنىڭغا ئىبادىتىگە گۇمان پەيدا قىلىش، ئۇنى پەرۋەردىگارىغا يۈزلىنىشتىن چەتنىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا ئالدىدىن، ئارقىسىدىن، ئوڭ تەرىپىدىن، سول تەرىپىدىن كېلىدىغان كۈشەندە قىلغان زات پاكتۇر. ئۆزى ياراتقان مەخلۇقاتلارنى بىلىپ تۇرىدىغان شەنى ئۇلۇغ، ناھايىتى مېھرىبان، ھەممىدىن خەۋەردار ئاللاھ پاكتۇر. ئاللاھ ئىنساندىن گۇمان ۋە ۋەسۋەسە ئالدىدا تەڭلىك ۋە قىسىلىشنى يەڭگىللەشتۈردى ۋە ئۇنى ئېلىپ تاشلىدى. ئاللاھ ئىنسانغا ئەسلىدىكىنى ساقلاپ قېلىش، گۇماننى چىقىرىپ تاشلاش، بولغان ئىشنى بۇرۇنقىسى ئاساسىدا ساقلاپ قېلىشنى بىر قائىدە قىلىپ بەلگىلەپ بەردى.

**وتكفل- جل شأنه -أن يعفو عن الخطأ، ويتقبل العمل، وإن وقع على خلاف الأصل، رحمة منه وفضلا فالمصلى الذي يخيل إليه أنه أحدث وهو في الصلاة، ويخيل إليه أنه خرج منه الريح المبطل للوضوء، المبطل للصلاة، لا ينبغي أن يخرج من الصلاة ولا أن يعتقد بطلانها، بل عليه أن يستصحب الأصل، أي الطهارة التي دخل بها في الصلاة، وأن يطرح الشك الذي طرأ عليه، وأن لا ينصرف حتى يتيقن الحدث، يقينا لا يمازجه شك، يقينا ناشئا عن الحواس الموجبة**

---

① «المنهل الحديث في شرح الحديث» دىن بىرىلدى. بېشى ئالدىنقى سانلاردا.

**للعلم، يقينا صادرا عن السمع أو الشم، لا ينصرف حتى يسمع بأذنه صوت الريح، أو يشم بأنفه ريح الحدث.**

**بهذا الطريق الشرعي الذي رسمه الإسلام، يسد المسلم على الشيطان أبواب إغوائه، ويدفع عن نفسه أخطار الشك والتردد.**

شەنى ئۇلۇغ ئاللاھ ئۆزىنىڭ مەغپىرىتى ۋە مەرھەمىتى بىلەن خاتالىقنى ئەپۇ قىلىشقا، قىلغان ئەمەل ئەسلىدىكىگە خىلاپ بولغان بولسىمۇ ئۇنى مەقبۇل قىلىدىغانلىقىغا كاپالەت بەردى. نامازدا تۇرۇپ بىر ئىش سادىر قىلىپ قويغانلىقى خىيالىغا كېلىۋاتقان، ئۆزىگە تاھارەتنى بۇزىدىغان، نامازنى بۇزىدىغان يەل چىققاندەك بىلىنىۋاتقان ناماز ئوقۇغۇچى نامازدىن چىقماسلىقى، نامازنى بۇزۇلدى دەپ قارىماسلىقى، بەلكى ئەسلىدىكىدەك، يەنى نامازغا كىرگەن پاكلىق ھۆكمىدىن ئايرىلماسلىقى، ئۆزىدە پەيدا بولغان گۇماننى چىقىرىپ تاشلىشى، تاھارەتنى بۇزىدىغان ناپاكلىقنى گۇمان ئارىلاشمايدىغان دەرىجىدە، بىلىشكە تۈرتكە بولىدىغان سەزگۈلەردىن كېلىپ چىققان دەرىجىدە، ئاڭلاش ياكى پۇراشتىن كېلىپ چىققان دەرىجىدە ئېنىق بىلمىگۈچە كېتىپ قالماسلىقى لازىم؛ يەلنىڭ ئاۋازىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىمىغۇچە ياكى تاھارەتنى بۇزىدىغان ناپاكلىقنىڭ پۇرىقىنى بۇرنى بىلەن پۇرىمىغۇچە كېتىپ قالماسلىقى لازىم.

ئىسلام دىنى بەلگىلىگەن بۇ قانۇنى ئۇسۇل ئارقىلىق مۇسۇلمانلار شەيتاننى ئۆزلىرىنى ئازدۇرۇشىدىن توسالايدۇ، ئۆزلىرىنى گۇمان ۋە ئارىسالدى بولۇشنىڭ خەتەرلىرىدىن قوغدىيالايدۇ.

## المباحث العربيّة (ئەرەب تىلى جەھەتتىكى ئىزدىنىشلەر)

**(أنه شكا إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم الرجل) الشاكي عبد الله بن زيد الأنصاري، عم عباد، وفي رواية ابن خزيمة عن عبد الله بن زيد قال: سألت رسول الله صلى الله عليه وسلم عن الرجل.... إلخ.**

«**أَنَّهُ شَكَا إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الرَّجُلُ**» (ھېلىقى كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئەھۋال ئېيتىپ كەلدى) ئەھۋال ئېيتقۇچى ئەببادنىڭ تاغىسى ئابدۇللا ئىبنى زەيد ئەنسارىي. ئىبنى خۇزەيمىنىڭ بىر رىۋايىتىدە ئابدۇللا ئىبنى زەيدنىڭ "مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن...غان ھېلىقى كىشى ھەققىدە سورىدۇم." دېگەنلىكى كەلدى.

**(الذي يخيل إليه) بضم الياء وفتح الخاء وتشديد الياء الثانية المفتوحة وأصله من الخيال، والمعنى ظن، والظن هنا أعم من تساوي الاحتمالين أو ترجيح أحدهما على ما هو أصل اللغة من أن الظن خلاف اليقين.**

«**اَلَّذِي يُخَيَّلُ إِلَيْهِ**» (...غاندەك بىر ئىش خىيالىغا كېلىۋاتقان، ئۆزىگە ... غاندەك بىلىنىۋاتقان) «يـ» دەممىلىك، «خـ» پەتھەلىك، ئىككىنچى پەتھەلىك «يـ» شەددىلىك كەلگەن «**يُخَيَّلُ**» ـ سۆزى ئەسلى گۇمان قىلىش مەنىسىدىكى خىيال (**اَلْخَيَالُ**) دىن كېلىپ چىققان، بۇ يەردىكى گۇمان مەنىسى ئىككى ئېھتىماللىقنىڭ باراۋەر بولۇشىدىن، ئۇ ئىككىسىدىن بىرسىنىڭ «گۇمان بىلەن ئېنىق بىلىش قارمۇ قارشى» ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئۇنىڭ ئەسلى لۇغەت مەنىسىدىن ئۈستۈن بولۇشىنىمۇ ئومۇمىيراق مەنىدە.

(أنه يجد الشيء) أي الحدث، والعدول عن ذكره صراحة، للأدب وصيانة اللسان عن المستقذر، حيث لا ضرورة. ومعنى وجدانه الحدث ظن خروجه منه.

«أَنَّهُ يَجِدُ الشَّيْءَ» (ئۇنىڭ بىر نەرسىنى ـ تاھارەتنى بۇزىدىغان بىر ئىشنى ـ سېزىۋاتقانلىقى) ئۇ (تاھارەتنى بۇزىدىغان ئىش) نى ھېچبىر زۆرۈرىيىتى يوق يەردە بىۋاسىتە تىلغا ئالماسلىق ئەدەبىي بولۇش، تىلنى يىرگىنىشلىك ئىشتىن ساقلاش ئۈچۈندۇر. ئۇنىڭ تاھارەتنى بۇزىدىغان ئىشنى ھېس قىلىشىنىڭ مەنىسى ـ ئۆزىدىن تاھارەتنى بۇزىدىغان بىر ئىشنىڭ سادىر بولغانلىقىنى گۇمان قىلىشتۇر.

(في الصلاة) قيد لبيان الواقع وليس للاحتراز، فالحكم خارج الصلاة هو الحكم فيها على ما ذهب إليه الجمهور، وجعله المالكية للاحتراز، وسيأتي توضيحه في فقه الحديث.

«فِي الصَّلاَةِ» (نامازدا) ئۇ (تاھارەتنى بۇزىدىغان ئىش) ساقلىنىش ئۈچۈن ئەمەس، يۈز بەرگەن ئىشنى بايان قىلىش ئۈچۈن (ناماز بىلەن) چەكلىنىلدى. نامازنىڭ سىرتىدىكى ھۆكۈم كۆپچىلىك ئالىملار بىرلىككە كەلگىنى ئاساسىدا ئۇنىڭغا (نامازغا) قىلىنغان ھۆكۈمدۇر. مالىكىي مەزھىپى ئۇ (تاھارەتنى بۇزىدىغان ئىشنىڭ تىلغا ئېلىنىشى) نى ساقلىنىش ئۈچۈن قىلدى. ئۇنىڭ چۈشەندۇرۇلۇشى تۆۋەندە سۆزلىنىدىغان ھەدىسشۇناسلىقتا كېلىدۇ.

(لا ينفتل - أو لا ينصرف) بالشك من الراوي، والفعل مجزوم ب"لا" الناهية، ويجوز الرفع على أن "لا" نافية.

«لاَ يَنْفَتِلْ -أَوْ لاَ يَنْصَرِفْ» (كېتىپ قالمىسۇن ياكى ئايرىلمىسۇن) رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ گۇمانى سەۋەبىدىن (مۇشۇنداق كەلگەن). پېئىل توسۇقنى ئىپادىلىگۈچى «لاَ» بىلەن كېسىك فورمىدا كەلگەن، «لاَ» نىڭ بۇلۇشسىز قوشۇمچە ئىكەنلىكى ئاساسىدا باش فورمىدا كېلىشىمۇ جائىز بولىدۇ.

(حتى يسمع صوتا أو يجد ريحا) معناه حتى يعلم وجود أحدهما، ولا يشترط السماع والشم بإجماع المسلمين.

«حَتَّى يَسْمَعَ صَوْتًا أَوْ يَجِدَ رِيحًا» (ئاۋازنى ئاڭلىمىغۇچە ياكى پۇراقنى پۇرىمىغۇچە) مەنىسى ـــ ئۇ ئىككىسىدىن بىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلگەنگە قەدەر. مۇسۇلمانلارنىڭ بىردەك قارىشى بىلەن ئاڭلاش ياكى پۇراش شەرت قىلىنمايدۇ.

## فقه الحديث (ھەدىسشۇناسلىق)

قال النووي: هذا الحديث أصل من أصول الإسلام، وقاعدة عظيمة من قواعد الفقه، وهي أن الأشياء يحكم ببقائها على أصولها، حتى يتيقن خلاف ذلك، ولا يضر الشك الطارئ عليها، فمن ذلك مسألة الباب التي ورد فيها الحديث، وهي أن من تيقن الطهارة، وشك في الحدث، حكم ببقائه على الطهارة، ولا فرق بين حصول هذا الشك في نفس الصلاة وحصوله خارج الصلاة. هذا مذهبنا ومذهب جماهير العلماء من السلف والخلف.

نەۋەۋىي مۇنداق دېدى: بۇ ھەدىس ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ ئاساسلىرىدىن بىرى، فىقھى قائىدىلىرىدىن ئۇلۇغ بىر قائىدە. ئەنە شۇ قائىدە ئىشلارنىڭ داۋامىغا، ئۇنىڭغا پەيدا بولغان گۇمان

زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ھالدا، ئاشۇنىڭغا زىتلىق ئېنىق بىلىنگەنگە قەدەر ئەسلىدىكى ئاساسىدا ھۆكۈم قىلىنىدىغانلىقى. ھەدىس كەلگەن بابتىكى مەسىلە شۇنىڭ جۈملىسىدىن. ئەنە شۇ (مەسىلە) ـ پاكلىقنى ئېنىق بىلگەن ۋە تاھارەتنى بۇزىدىغان ناپاكلىقتىن گۇمانلانغان كىشى، ئىشىنىڭ داۋامىغا پاكلىق ئاساسىدا ھۆكۈم قىلىشىدۇر. بۇ گۇماننىڭ نامازنىڭ ئۆزىدە پەيدا بولۇشى بىلەن، نامازنىڭ سىرتىدا پەيدا بولۇشىنىڭ ھېچبىر پەرقى يوق. بۇ بىزنىڭ تۇتقان يولىمىز. كۆپچىلىك سەلەپ ۋە خەلەپ ئالىملىرىنىڭ تۇتقان يولى.

**وحكي عن مالك روايتان، إحداهما: أنه لزمه الوضوء إن كان شك خارج الصلاة. ولا يلزمه إن كان في الصلاة، والثانية. يلزمه بكل حال. قال النووي: وقال الشافعية: ولا فرق في الشك بين أن يستوي الاحتمالان في وقوع الحدث وعدمه، أو يترجح أحدهما أو يغلب على ظنه، فلا وضوء عليه بكل حال، ويستحب له أن يتوضأ احتياطا.**

ئىمام مالىكتىن مۇنداق ئىككى رىۋايەت بايان قىلىنىدى: ئۇنىڭ بىرى: ئەگەر گۇمان نامازنىڭ سىرتىدا بولسا تاھارەت ئېلىش لازىم بولىدىغانلىقى؛ ئەگەر نامازنىڭ ئىچىدە بولسا تاھارەت ئېلىش لازىم بولمايدىغانلىقىدۇر؛ ئىككىنچىسى ھەر ھالدا (تاھارەت ئېلىش) لازىم بولىدىغانلىقىدۇر. نەۋەۋىي شافىئى مەزھىبىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتتى: تاھارەتنى بۇزىدىغان ناپاكلىقنىڭ يۈز بېرىشى ۋە يۈز بەرمەسلىكىدە ئىككى ئېھتىماللىقنىڭ باراۋەر بولۇشى بىلەن، ئۇنىڭ بىرسىنىڭ ئېھتىماللىقى زورراق بولۇشى ياكى ئۇنىڭ گۇماندىن ئۈستۈنراق بولۇشى ئارىسىدىكى گۇماندا ھېچبىر پەرق يوق. ھەر بىر ئەھۋالدا ئۇنىڭغا تاھارەت ئېلىش يوق، ئېھتىيات ئۈچۈن تاھارەت ئېلىش ياخشى كۆرۈلىدۇ.

**أما إذا تيقن الحدث وشك في الطهارة فإنه يلزمه الوضوء بإجماع المسلمين.**

ئەگەر تاھارەتنى بۇزىدىغان ناپاكلىقنى ئېنىق بىلسە ۋە پاكلىقتىن گۇمان قىلسا مۇسۇلمانلارنىڭ بىردەك قارىشى بىلەن ئۇنىڭ تاھارەت ئېلىشى لازىم بولىدۇ.

**ثم قال النووي: ومن مسائل القاعدة المذكورة أن من شك في طلاق زوجته أو عتق عبده، أو نجاسة الماء الطاهر، أو طهارة الماء النجس، أو نجاسة الثوب، أو الطعام، فكل هذه الشكوك لا تأثير لها، والأصل عدم هذا الحادث. والله أعلم.**

نەۋەۋىي يەنە مۇنداق دېدى: ئايالىنى تالاق قىلغانلىقى، ياكى قۇلىنى ئازاد قىلغانلىقى، ياكى پاك سۇنىڭ نىجاسەت بولۇشى، ياكى نىجاسەت سۇنىڭ پاكلىقى، ياكى كىيىم ياكى تاماقنىڭ نىجاسەتلىكىدە گۇمان بولغان كىشىگە بۇنداق گۇمانلارنىڭ ھېچبىر تەسىرى يوق بولۇشى ـ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قائىدىگە تەئەللۇق مەسىلىلەر جۈملىسىدىن. (بۇ ئىشلارنىڭ) ئەسلىسى بۇنداق ئىشنىڭ بولمىغانلىقىدۇر. ئاللاھ ئەڭ بىلگۈچىدۇر.

**قال القرطبي: ومشهور مذهب مالك النقض داخل الصلاة وخارجها وحمل بعض أتباعه الحديث على من كان به وسواس، وتمسكوا بأن الشكوى لا تكون إلا عن علة. قال الحافظ ابن حجر: وأجيب بما دل على التعميم وهو حديث أبي هريرة عند مسلم، ولفظه "إذا وجد أحدكم في بطنه شيئا فأشكل عليه. أخرج منه شيء أو لا؟ فلا يخرجن من**

المسجد حتى يسمع صوتا أو يجد ريحا". اهـ فهذا الحديث لم يتعرض لشكوى شاك، وهو صريح في طرح الشك. والله أعلم.

قۇرتۇبىي مۇنداق دېدى" ئىمام مالىكنىڭ ھەممىگە تونۇلغان قارىشى ناماز ئىچى ۋە سىرتىدا بۇزۇلىدىغانلىقى. مالىكى مەزھىبىدىكىلەرنىڭ بەزىلىرى بۇ ھەدىسنى ئۆزىدە ئەنسىزلىك بولغان كىشىگە تەۋە قىلىدى. ئۇلار ھال ئىپتىش پەقەت بىرەر ئىللەتتىنلا بولىدىغانلىقىدا چىڭ تۇردى. ھاپىز ئىبنى ھەجەر مۇنداق دېدى: ئۇ ئومۇملۇق مەنىسىنى ئىپادىلەشنى بىلدۈرگەن، ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ مۇسلىمدىكى مۇنۇ لەۋزىدىكى ھەدىسى بىلەن رەت قىلىندى: «سىلەردىن بىر كىشى قورسىقىدا بىرەر نەرسە بارلىقىنى سەزسە، ئۇنىڭغا ئۆزىدىن بىر نەرسە چىققان چىقمىغانلىقى ئېنىق بولمىسا ئۇ كىشى بىرەر ئاۋازنى ئاڭلىمىغۇچە ياكى بىرەر پۇراقنى سەزمىگۈچە چوقۇم مەسچىتتىن چىقمىسۇن» . بۇ ھەدىس گۇماننى چىقىرىپ تاشلاشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان ھالدا ھال ئېيتقۇچىنىڭ ھال ـ زارىغا چېتىلغان ئەمەس. ئاللاھ ئەڭ بىلگۈچىدۇر.

## يُؤْخَذُ مِنَ الْحَدِيث (ھەدىستىن مۇنۇلار ئېلىنىدۇ)

1- مشروعية سؤال العلماء عما يحدث من وقائع.

ئالىملاردىن سادىر بولۇۋاتقان ئەمەلىي ئىشلار ھەققىدە سوئال سوراشنىڭ شەرىئەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكى

2- وعدم الاستحياء في العلم.

ئىلىم ئېلىشتا خىجىل بولۇشنىڭ يوقلۇقى

3- والعدول عن ذكر الشيء المستقبح.

ياخشى كۆرۈلمەيدىغان ئىشنى تىلغا ئالماسلىق.

4- ومحاربة الشيطان والوسوسة، وإحباط هذا الكيد بترسيخ اليقين، ففي بعض الروايات "إذ جاء أحدكم الشيطان، فقال: إنك أحدثت. فليقل في نفسه: كذبت."

شەيتانغا ۋە ئازدۇرۇشقا جەڭ ئېلان قىلىش، بۇنداق مەكرىنى گۇماندىن خالىي بولۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن بىكار قىلىش. بەزى رىۋايەتلەردە مۇنداق كەلدى: "سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ يېنىغا شەيتان كەلسە، ۋە ئۇ: سەن تاھارەتنى بۇزىدىغان بىر ئىشنى سادىر قىلدىڭ دېسە. ئۇ ئىچىدە: يالغان ئېيتتىڭ، دېسۇن."

## أَسْئِلَةٌ (سوئاللار)

1. اشرح الحديث بأسلوبك مبرزا رحمة الله بالإنسان في عدم مؤاخذته على الشكوك.

ئاللاھ تائالانىڭ ئىنساننىڭ گۇمان قىلىشلىرىنى جازالىماسلىقتا ئۇنىڭغا بولغان مەرھەمىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن ھالدا ئۆز ئۇسلۇبىڭىز بىلەن ھەدىسنى چۈشەندۈرۈڭ.

2. ما هو الخيال والتخيل؟

«اَلْخِيَالُ» ۋە «اَلتَّخَيُّلُ» نىڭ مەنىسى نېمە؟

**3. ما المراد بالشيء؟ ولم عبر عنه بهذا التعبير؟**

(ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان) «**بالشيء**» دىن ئىرادە قىلىنغان مەنە نېمە؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنى بۇنداق ئىپادىلەش بىلەن ئىپادىلىدى؟

**4. ما معنى وجدانه؟ وهل قيد " في الصلاة " لبيان الواقع أو للاحتراز؟**

«**وِجْدَانُهُ**» نىڭ مەنىسى نېمە؟ ئۇ يۈز بەرگەن ئىشنى بايان قىلىش ئۈچۈن «ناماز» بىلەن چەكلىنىلدىمۇ ياكى (تاھارەتنى بۇزىدىغان ئىشتىن) ساقلىنىش ئۈچۈنمۇ؟

**5. ما إعراب " لا ينفتل" أو "لا ينصرف"؟ وما الفرق بين الفعلين؟ وما معنى "أو" بينهما؟**

«**لاَ يَنْفَتِلْ**» ياكى «**لاَ يَنْصَرِفْ**» نىڭ سۆز ئاخىرىنىڭ تۈرلىنىپ كېلىشى قانداق؟ بۇ ئىككى پېئىلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نېمە؟ ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى «**أو**» نىڭ ئىپادىلەيدىغان مەنىسى نېمە؟

**6. هل سماع الصوت أو شم الريح شرط؟ وضح ما تقول.**

ئاۋاز ئاڭلاش ياكى پۇراقنى پۇراش شەرتمۇ؟ دېمەكچى بولغىنىڭىزنى چۈشەندۈرۈڭ.

**7. يقال : إن هذا الحديث أصل من أصول الشريعة. فما هى القاعدة التى بناها؟**

”بۇ ھەدىس ئىسلام شەرىئىتىنىڭ تۈپ ئاساسلىرىدىن بىرى“- دېيىلىدۇ. بۇ ھەدىس مەيدانغا كەلتۈرگەن قائىدە نېمە؟

**8. ما رأى الإمام مالك فيها؟ وهل غلبة الظن بالحدث لا تبطل الوضوء؟**

ئىمام مالىكنىڭ ئۇ ھەقتىكى قارىشى نېمە؟ تاھارەتنى بۇزىدىغان ناپاكلىق ھەققىدىكى ئارتۇق گۇمان تاھارەتنى بۇزامدۇ ياكى بۇزمامدۇ؟

**9. ماذا تعرف من مسائل تطبق عليها هذا القاعدة؟ وما وجهة نظر المالكية فى المسألة؟ وبماذا ترد عليهم؟**

بۇ قائىدە تەتبىقلىنىدىغان مەسىلىلەردىن نېمىلەرنى بىلىسىز؟ مالىكي مەزھىپىنىڭ بۇ مەسىلە ھەققىدىكى كۆز قارىشى نېمە؟ ئۇلارغا نېمە بىلەن جاۋاب قايتۇرىسىز؟

**10. ماذا تأخذ من الحديث من الأحكام؟**

ھەدىستىن ئېلىنغان ھۆكۈملەر نېمە؟

## شَرْحُ الْكَلِمَاتِ

| | |
|---|---|
| شَكَا يَشْكُو شَكْوًا وَشِكَايَةً هَمَّهُ إِلَيْهِ / أَبْدَاهُ مُتَوَجِّعًا | مەلۇم قىلدى، ھال ئېيتتى |
| شَكَا إِلَيْهِ فُلاَنًا / أَخْبَرَهُ بِسُوءِ فِلْعِهِ | شىكايەت قىلدى، دەرد تۆكتى |
| شَكَا مَرَضَهُ لِلطَّبِيبِ / شَرَحَهُ له | دوختۇرغا ئاغرىقىنى بايان قىلدى |
| خَيَّلَ اَلشَّيْءَ إِلَيْهِ / جَعَلَهُ يَخَالُه | ... نى ... نىڭ خىيالىغا كەلتۈردى |
| خُيِّلَ إِلَيْهِ أَنَّهُ كَذَا / تَوَهَّمَ وَظَنَّ أَنَّهُ كَذَا | ...نى دەپ خىيال قىلدى، ...غا ... دېگەن خىيال كەلدى، ... غا ...غاندەك بىلىندى |

| | |
|---|---|
| وَجَدَ يَجِدُ وَجْدًا وَوُجُودًا وَوِجْدَانًا الشَّيْءَ / أَدْرَكَهُ وَأَصَابَهُ | سەزدى، ھېس قىلدى |
| اَلشَّيْءُ/ اَلْحَدِيثُ (اَلْحَالَةُ النَّاقِضَةُ لِلطَّهَارَةِ) | تاھارەتنى بۇزىدىغان ئىش |
| اَلشَّيْءَ (خَارِجًا مِنَ الدُّبُرِ) | ئارقىدىن چىققان نەرسە |
| اِنْفَتَلَ عَنْ / اِنْصَرَفَ عَنْ ... | ئايرىلدى، كېتىپ قالدى، قايتتى |
| اِنْفَتَلَ عَنْ رَأْيِهِ — پىكرىدىن ياندى | اِنْفَتَلَ وَجْهُهُ عَنْهُمْ — ئۇلاردىن يۈز ئۆرىدى |
| اِنْصَرَفَ عَنْهُ / تَحَوَّلَ عَنْهُ وَتَرَكَهُ | ئايرىلدى، تاشلاپ كەتتى |
| رِيحٌ جـ أَرْيَاحٌ / هَوَاءٌ مُتَحَرِّكٌ | شامال |
| رِيحٌ / رَائِحَةٌ — پۇراق، ھىد | رِيحُ الْبَطْنِ/ غَازٌ فِي الْمِعِدَةِ أَوِ الْأَمْعَاءِ — ئۈسۈرۈق |

## اَلْمَعْنَى الْعَامُّ

| | |
|---|---|
| سُبْحَانَ اللهِ / أُبَرِّئُ اللهَ مِنْ كُلِّ مَا لاَ يَلِيقُ بِجَلاَلِهِ | ئاللاھنى پاك دەپ بىلىمەن |
| سُبْحَانَ اللهِ / تَنْزِيهًا لِلّٰهِ وَبَرَاءَةً لَهُ مِمَّا لاَ يَلِيقُ بِهِ | ئاللاھ پاكتۇر |
| سُبْحَانَ اللهِ / أُسَبِّحُ سُبْحَانَ اللهِ | ئاللاھنى پاك دەپ بىلىمەن |
| سُبْحَانَ مَنْ خَلَقَ الْإِنْسَانَ | ئىنساننى ياراتقان زات پاكتۇر |
| طَبْعٌ / اَلسَّجِيَّةُ الَّتِي جُبِلَ عَلَيْهَا الْإِنْسَانُ | تۇغۇلما خاراكتېر، مىجەز |
| وَفِي طَبْعِهِ الشَّكُّ وَالنِّسْيَانُ | تۇغۇلما خاراكتېرىدە گۇمان ۋە ئۇنتۇش بار بولغان |
| اَلشَّيْطَانُ الْوَسْوَاسُ الْخَنَّاسُ | ۋەسۋەسە قىلغۇچى يوشۇرۇن شەيتان |
| سَلَّطَهُ عَلَيْهِ / مَكَّنَهُ مِنْهُ وَحَكَّمَهُ فِيهِ | ...نى ... قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، ...لالايدىغان قىلدى؛ ...نى ... كونترول قىلىدىغان قىلدى |
| سَلَّطَ فُلاَنًا عَلَى فُلاَنًا / حَرَّضَهُ عَلَيْهِ | كۈشەندە قىلدى |
| مِنْ بَيْنِ يَدَيْهِ / مِنْ أَمَامِهِ | ئۇنىڭ ئالدىدىن |
| وَسْوَسَ الشَّيْطَانُ لَهُ / حَدَّثَهُ بِشَرٍّ | ۋەسۋەسە قىلدى |
| شَكَّكَ فُلاَنًا فِي الْأَمْرِ / جَعَلَهُ يَشُكُّ فِيهِ | ...گە ...دە گۇمان پەيدا قىلدى |
| جَلَّ يَجِلُّ جَلاَلاً / عَظُمَ | ئۇلۇغ بولدى |
| سُبْحَانَهُ جَلَّ شَأْنُهُ | شەنى ئۇلۇغ ئاللاھ پاكتۇر |
| أَقْبَلَ عَلَيْهِ بِوَجْهِهِ / تَوَجَّهَ نَحْوَهُ | ...گە يۈزلەندى |
| اَلإِقْبَالُ عَلَى رَبِّهِ | پەرۋەردىگارىغا يۈزلىنىش |
| حَرَجٌ / ضِيقٌ | قىسىلىش، تەڭلىك |
| ضِيقٌ / شِدَّة، عُسْر، فَقْر | قاتتىقچىلىق، قىسىلىش، يوقسۇزلۇق |



www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| وِسْوَاسٌ / مَصْدَرُ وَسْوَسَ | شەيتاننىڭ ۋەسۋەسە قىلىشى |
| رَسَمَ يَرْسِمُ لَهُ كَذَا / أَمَرَهُ بِهِ | ...نى ...گە بۇيرىدى؛ ... گە ... بەلگىلەپ بەردى |
| اِسْتَصْحَبَ الشَّيْءَ / حَمَلَهُ مَعَهُ | بىر نەرسىگە ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن ھۆكۈم قىلدى |
| اَلاِسْتِصْحَابُ / اَلْحُكْمُ بِثُبُوتِ أَمْرٍ فِي الزَّمَنِ اللاَّحِقِ بِنَاءً عَلَى ثُبُوتٍ فِي الزَّمَنِ السَّابِقِ | ئەسلىدىكىنى ساقلاپ قېلىش، ئەسلىدىكى بىلەن ھۆكۈم قىلىش |
| اِسْتِصْحَابُ الْأَصْلِ | ئەسلىدىكىنى ساقلاپ قېلىش |
| طَرَحَ يَطْرَحُ طَرْحًا الشَّيْءَ عَنْهُ / أَلْقَاهُ وَأَبْعَدَهُ | چىقىرىپ تاشلىدى |
| إِبْقَاءُ مَا كَانَ عَلَى مَا كَانَ | بولغان ئىشنى بۇرۇنقىسى ئاساسىدا ساقلاپ قېلىش |
| تَكَفَّلَ لَهُ بِكَذَا / ضَمِنَهُ له | ...غا ..دا كاپالەت بەردى |
| وَإِنْ وَقَعَ عَلَى خِلاَفِ الْأَصْلِ | ئۇ (ئەمەل) ئەسلىگە خىلاپ بولغان بولسىمۇ |
| رَحْمَةٌ / مَغْفِرَةٌ | مەغپىرەت |
| رَحْمَةً مِنْهُ وَفَضْلاً | ئۆزىنىڭ مەغپىرىتى ۋە مەرھەمىتى بىلەن |
| اَلرِّيحُ الْمُبْطِلُ لِلْوُضُوءِ | تاھارەتنى بۇزىدىغان يەل |
| لاَ يَنْبَغِي أَنْ ... | ...قىلىشقا بولمايدۇ، ...ماسلىق لازىم |
| وَلاَ أَنْ يَعْتَقِدَ بُطْلاَنَهَا | ئۇ (ناماز) نى بۇزۇلدى دەپ قارىماسلىقى |
| عَلَيْهِ أَنْ ... / يَجِبُ عَلَيْهِ أَنْ ... | ... قىلىشى لازىم |
| طَرَأَ يَطْرَأُ طَرْءًا الشَّيْءُ / حَدَثَ | يۈز بەردى، پەيدا بولدى |
| تَيَقَّنَ الْأَمْرَ / عَلِمَهُ وَتَحَقَّقَهُ | ئېنىق بىلدى، چوڭقۇر ئىشەندى |
| يَقِينًا لاَ يُمَازِجُهُ شَكٌّ | گۇمان ئارىلاشمايدىغان دەرىجىدە |
| مُوجِبٌ جمُوجِبَاتٌ / بَاعِثٌ . دَاعٍ | سەۋەب ، تۈرتكە |
| اَلْحَوَاسُّ الْمُوجِبَةُ لِلْعِلْمِ | بىلىشكە تۈرتكە بولىدىغان سەزگۈلەر |
| نَاشِئٌ مِنْ كَذَا / نَاتِجٌ | ...دىن كېلىپ چىققان، ...دىن پەيدا بولغان |
| صَادِرٌ عَنِ السَّمْعِ أَوِ الشَّمِّ | ئاڭلاش ۋە پۇراشتىن كېلىپ چىققان |
| رِيحَ الْحَدَثِ | تاھارەتنى بۇزىدىغان ناپاكلىقنىڭ پۇرىقى |
| حَتَّى يَتَيَقَّنَ الْحَدَثَ يَقِينًا ... يَقِينًا ... يَقِينًا | تاھارەتنى بۇزىدىغان ناپاكلىقنى ... دەرىجىدە، .... دەرىجىدە، .... دەرىجىدە ئېنىق بىلمىگۈچە |
| شَمَّ يَشُمُّ شَمًّا الشَّيْءَ / تَنَشَّقَ رَائِحَتَهُ | پۇرىدى |
| سَدَّ يَسُدُّ سَدًّا اَلْبَابَ / أَغْلَقَهُ | ئىشىكنى ئەتتى |
| سَدَّ عَلَيْهِ بَابَ الْكَلاَمِ / مَنَعَهُ مِنَ الْكَلاَمِ | ...غا سۆزلەشنىڭ ئىكىشىنى ئەتتى، سۆزلەتمىدى |

www.uyghurkitap.com

أَغْوَى فُلاَنًا / أَضَلَّهُ وَأَغْرَاهُ    ئازدۇردى

يَسُدُّ الْمُسْلِمُ عَلَى الشَّيْطَانِ أَبْوَابَ إِغْوَائِهِ

مۇسۇلمانلار شەيتانغا ئازدۇرۇش ئىشىكىنى ئېتىدۇ، ئۆزلىرىنى ئازدۇرۇشتىن توسىدۇ.

أَخْطَارُ الشَّكِّ وَالتَّرَدُّدِ    گۇمان ۋە ئارىسالدى بولۇشنىڭ خەتەرلىرى

## اَلْمَبَاحِثُ الْعَرَبِيَّةُ

اَلشَّاكِي / مَنْ يَشْتَكِي أَمْرَهُ لِغَيْرِهِ    ئەھۋال ئېيتقۇچى

وَأَصْلُهُ مِنَ الْخَيَالِ وَالْمَعْنَى ظَنٌّ    ئۇ ئەسلى مەنىسى گۇمان قىلىش بولغان خىيالدىن كېلىپ چىققان

تَسَاوِي الْاِحْتِمَالَيْنِ    ئىككى ئېھتىماللىقنىڭ باراۋەر بولۇشى

تَرْجِيحُ أَحَدِهِمَا عَلَى ...    ئۇ ئىككىسىدىن بىرىنىڭ ... دىن ئۈستۈن بولۇشى

مَا هُوَ أَصْلُ اللُّغَةِ مِنْ أَنَّ الظَّنَّ خِلاَفُ الْيَقِينِ

«گۇمان ئېنىق بىلىشنىڭ ئەكسى» ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئۇنىڭ ئەسلىي لۇغەت مەنىسى

حَدَثٌ (عِنْدَ الْفُقَهَاءِ) : اَلنَّجَاسَةُ الْحُكْمِيَّةُ الَّتِي تَرْتَفِعُ بِالْوُضُوءِ أَوِ الْغُسْلِ أَوِ التَّيَمُّمِ

ھەدەس، تاھارەتنى بۇزىدىغان ناپاكلىق (تاھارەت، غۇسۇل، تەيەممۇمنى كەتكۈزىدىغان ھۆكۈم جەھەتتىكى ناپاكلىق)

عَدَلَ يَعْدِلُ عَدْلاً وَعُدُولاً عَنْ كَذَا / تَرَكَهُ    تاشلىدى، كەچتى، قىلمىدى

اَلْعُدُولُ عَنْ ذِكْرِهِ صَرَاحَةً    ئۇنى بىۋاستە تىلغا ئالماسلىق

اِسْتَقْذَرَ الشَّيْءَ / وَجَدَهُ قَذِرًا كَرِهَهُ لِوَسْخِهِ    مەينەت دەپ بىلدى، يىرگەندى

مُسْتَقْذَرٌ    يېقىمسىز ئىش، يىرگىنىشلىك ئىش

حَيْثُ لاَ ضُرُورَةَ    ھېچبىر زۆرۈرىيىتى يوق يەردە (چاغدا)

مَعْنَى وِجْدَانِهِ الْحَدَثَ    ئۇنىڭ تاھارەتنى بۇزىدىغان ئىشنى ھېس قىلىشىنىڭ مەنىسى

ظَنُّ خُرُوجِهِ مِنْهُ    ئۇ (تاھارەتنى بۇزىدىغان ئىش) نىڭ ئۆزىدىن سادىر بولغانلىقىنى گۇمان قىلىش

قَيَّدَهُ / حَصَرَهُ    چەكلىدى    قَيَّدَ حُرِّيَّتَهُ    ئۇنىڭ ئەركىنلىكىنى چەكلىدى

قُيِّدَ لِبَيَانِ الْوَاقِعِ وَلَيْسَ لِلْاِحْتِرَازِ    ئۇ (تاھارەتنى بۇزىدىغان ئىش) ساقلىنىش ئۈچۈن ئەمەس، يۈز بەرگەن ئىشنى بايان قىلىش ئۈچۈن (ناماز بىلەن) چەكلىنىلدى

عَلَى مَا ذَهَبَ إِلَيْهِ الْجُمْهُورُ    كۆپچىلىك ئالىملار بىرلىككە كەلگىنى ئاساسىدا

اِحْتَرَزَ مِنْهُ / تَحَفَّظَ وَتَوَقَّى مِنْهُ    ساقلاندى

بِالشَّكِّ مِنَ الرَّاوِي    رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ گۇمانى سەۋەبىدىن

لاَ النَّاهِيَةُ    توسۇقنى ئىپادىلىگۈچى«لاَ» بولۇشسىز بۇيرۇقنى ئىپادىلىگۈچى«لاَ»

مَجْزُومٌ بِـ"لاَ" النَّاهِيَةِ    توسۇقنى ئىپادىلىگۈچى«لاَ» بىلەن كېسىك فورمىدا كەلگەن

| | |
|---|---|
| وَيَجُوزُ الرَّفْعُ عَلَى أَنَّ "لاَ" نَافِيَةٌ | «لاَ» نىڭ بولۇشسىز قوشۇمچە ئىكەنلىكى ئاساسىدا باش فورمىدا كېلىشمۇ جائىز بولىدۇ |
| وُجُودُ أَحَدِهِمَا | ئىككىسىنىڭ بىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى |
| بِإِجْمَاعِ الْمُسْلِمِينَ | مۇسۇلمانلارنىڭ بىردەك قارىشى بىلەن |

### فِقْهُ الْحَدِيثِ

| | |
|---|---|
| أَصْلٌ ج أُصُولٌ / أَسَاسٌ | ئاساس، تۈپ ئاساس |
| أَصْلٌ مِنْ أُصُولِ الْإِسْلاَمِ | ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ ئاساسلىرىدىن بىرى |
| حَكَمَ يَحْكُمُ حُكْمًا بِالْأَمْرِ / قَضَى | ھۆكۈم قىلدى |
| يُحْكَمُ بِبَقَائِهَا عَلَى أَصُولِهَا | ئۇنىڭ داۋامىغا ئەسلىدىكىسى ئاساسىدا ھۆكۈم قىلىنىدۇ |
| بَقَاءٌ / دَوَامٌ | داۋامى |
| اَلشَّكُّ الطَّارِئُ عَلَيْهَا | ئۇ (ئىش) قا پەيدا بولغان گۇمان |
| مَنْ تَيَقَّنَ الطَّهَارَةَ وَشَكَّ فِي الْحَدَثِ | پاكلىقنى ئېنىق بىلگەن، ناپاكلىقتىن گۇمانلانغان كىشى |
| حُصُولُ هَذَا الشَّكِّ فِي نَفْسِ الصَّلاَةِ | بۇ گۇماننىڭ نامازنىڭ ئۆزىدە پەيدا بولۇشى |
| مَذْهَبٌ / رَأْيٌ | قاراش |
| مَذْهَبٌ / طَرِيقَةٌ | تۇتقان يول |
| مَذْهَبُ جَمَاهِيرِ الْعُلَمَاءِ | كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ تۇتقان يولى |
| اَلسَّلَفُ/ اَلصَّحَابَةُ وَالتَّابِعُونَ وَتَابِعُو التَّابِعِينَ | سەلەپ (ئالىملىرى) (ساھابىلەر، تابىئىنلار ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەر) |
| خَلَفٌ / مَا بَعْدَ عَصْرِ تَابِعِ التَّابِعِينَ مِنَ الْعُلَمَاءِ | خەلەف (ئالىملىرى) (تابىئىنلاردىن كېيىنكىلەرنىڭ دەۋرىدىن كېيىنكى ئالىملار) |
| حَكَى يَحْكِي حِكَايَةً عَنْهُ الْحَدِيثَ / نَقَلَهُ | رىۋايەت قىلدى، بايان قىلدى |
| حُكِيَ عَنْ مَالِكٍ رِوَايَتَانِ | ئىمام مالىكتىن ئىككى رىۋايەت بايان قىلىنىدى |
| لَزِمَهُ الْوُضُوءُ | ئۇنىڭغا تاھارەت ئېلىش لازىم بولدى |
| إِنْ كَانَ شَكٌّ خَارِجَ الصَّلاَةِ | گۇمان نامازنىڭ سىرتىدا بولسا |
| يَلْزَمُهُ بِكُلِّ حَالٍ | ھەر ھالدا ئۇنىڭغا (تاھارەت ئېلىش) لازىم بولىدۇ |
| اَلشَّافِعِيَّةُ | شافىئى مەزھىپى |
| وُقُوعُ الْحَدَثِ وَعَدَمُهُ | تاھارەتنى بۇزىدىغان ناپاكلىقنىڭ يۈز بېرىشى ۋە يۈز بەرمەسلىكى |
| يَغْلِبُ عَلَى ظَنِّهِ | ئۇنىڭ گۇمانىدىن ئۈستۈنراق بولىدۇ |
| فَلاَ وُضُوءَ عَلَيْهِ بِكُلِّ حَالٍ | ھەر بىر ئەھۋالدا ئۇنىڭغا ھېچبىر تاھارەت ئېلىش يوق |
| وَيُسْتَحَبُّ لَهُ أَنْ يَتَوَضَّأَ اِحْتِيَاطًا | ئۇنىڭغا ئېھتىيات ئۈچۈن تاھارەت ئېلىش ياخشى كۆرۈلىدۇ |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| مِنْ مَسَائِلِ الْقَاعِدَةِ الْمَذْكُورَةِ | يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قائىدىگە تەئەللۇق مەسىلىلەر جۈملىسىدىن |
| طَلاَقُ زَوْجَتِهِ | ئايالىنى تالاق قىلىش |
| عَتْقُ عَبْدِهِ | قۇلىنى ئازاد قىلىش |
| نَجَاسَةُ الْمَاءِ الطَّاهِرِ | پاك سۇنىڭ نىجاسەت بولۇشى |
| طَهَارَةُ الْمَاءِ النَّجِسِ | نىجاسەت سۇنىڭ پاكلىقى |
| وَالْأَصْلُ عَدَمُ هَذَا الْحَادِثِ | ئەسلىسى بۇنداق ئىشنىڭ بولمىغانلىقىدۇر |
| مَشْهُورُ مَذْهَبِ مَالِكٍ | ئىمام مالىكنىڭ ھەممىگە تونۇلغان قارىشى |
| نَقَضَ يَنْقُضُ نَقْضًا الْأَمْرَ / أَبْطَلَهُ بَعْدَ إِحْكَامِهِ | بۇزدى، بىكار قىلدى |
| بَعْضُ أَتْبَاعِهِ | ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ بەزىلىرى، ئۇنىڭ مەزھەبىدىلەرنىڭ بەزىلىرى |
| وَسْوَاسٌ / قَلَقٌ هَاجِسٌ | ئەنسىزلىك، ئەنسىرەش |
| مَنْ كَانَ بِهِ وَسْوَاسٌ | ئۆزىدە ئەنسىزلىك بار كىشى |
| أَنَّ الشَّكْوَى لاَ تَكُونُ إِلاَّ عَنْ عِلَّةٍ | ھال ئېيتىش پەقەت بىرەر ئىللەتتىنلا بولىدىغانلىقى |
| أُجِيبَ بِمَا دَلَّ عَلَى التَّعْمِيمِ | ئۇ ئومۇملۇق مەنىسىنى ئىپادىلەشنى بىلدۈرگەن (ھەدىس) بىلەن رەت قىلىندى |
| أَشْكَلَ الْأَمْرُ / اِلْتَبَسَ | ئېنىق بولمىدى، مۈرەككەپلەشتى |
| أَشْكَلَ عَلَيْهِ أَخَرَجَ مِنْهُ شَيْءٌ أَوْلاَ؟ | ئۇنىڭغا ئۆزىدىن بىر نەرسە چىققان ـ چىقمىغانلىقى ئېنىق بولمىدى |
| تَعَرَّضَ لِلْأَمْرِ / تَدَخَّلَ فِيهِ | تاقالدى، چېتىلدى |
| لَمْ يَتَعَرَّضْ لِشَكْوَى شَاكٍ | ھال ئېيتقۇچىنىڭ ھال ـ زارىغا چېتىلغان ئەمەس |

## يُؤْخَذُ مِنَ الْحَدِيثِ

| | |
|---|---|
| سُؤَالُ الْعُلَمَاءِ عَمَّا يَحْدُثُ مِنْ وَقَائِعَ | ئالىملاردىن سادىر بولۇۋاتقان ئەمەلىي ئىشلار ھەققىدە سوئال سوراش |
| اَلشَّيْءُ الْمُسْتَقْبَحُ | ياخشى كۆرۈلمەيدىغان ئىش |
| إِحْبَاطُ هَذَا الْكَيْدِ | بۇنداق مىكىرنى بىكار قىلىش، بەربات قىلىش |
| تَرْسِيخُ الْيَقِينِ | تېخىمۇ چوڭقۇر ئېنىق بىلىش، گۇماندىن خالىي بولۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش |

## اَلْأَسْئِلَةُ

| | |
|---|---|
| عَدَمُ مُؤَاخَذَتِهِ عَلَى الشُّكُوكِ | ئۇنىڭ گۇمان قىلىشلىرىنى جازالىماسلىق |
| غَلَبَةُ الظَّنِّ بِالْحَدَثِ | تاھارەتنى بۇزىدىغان ناپاكلىق ھەققىدىكى ئارتۇق گۇمان |
| مَسَائِلُ تُطَبَّقُ عَلَيْهَا هَذِهِ الْقَاعِدَةُ | بۇ قائىدە تەتبىقلىنىدىغان مەسىلىلەر |
| وِجْهَةُ نَظَرِ الْمَالِكِيَّةِ | مالىكىي مەزھىپىنىڭ كۆز قارىشى |

**(نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىسمائىل قادىر ھاجىم)**

# ئەرەب تىلىدىكى بەزى گراماتىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ قوللىنىلىشى ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىسى[1]

## اِسْتِعْمَالُ بَعْضِ الْأَدَوَاتِ النَّحْوِيَّةِ الْعَرَبِيَّةِ وَتَرْجَمَتُهَا

### أ ( هَمْزَةُ الاِسْتِفْهَامِ )

II . أ كەلگەن سوئال جۈملىنىڭ جاۋابى

1ـ بولۇشلۇق سوئالغا جاۋاب بەرگەندە، جاۋاپ بولۇشلۇق بولسا « **نَعَمْ** » قوللىنىلىدۇ، جاۋاب بولۇشسىز بولسا، « **لاَ** » قوللىنىلىدۇ، جاۋاب قوشۇمچىسى چۈشۈپ قېلىپ، مۇناسىپ جاۋاب جۈملىلا قوللىنىلىسمۇ بولىدۇ.

– **أَقَالُوا لَكَ إِنِّ بَطَلٌ** ؟ ئۇلار ساڭا مېنىڭ قەھرىمان ئىكەنلىكىمنى ئېيتتىمۇ ؟

– **نَعَمْ، كُلُّهُمْ يَقُولُونَ ذَلِكَ** ... شۇنداق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇنداق دەيدۇ.

– **أَسَافَرَ أَخُوكَ** ؟ سىنىڭ قېرىنداشىڭ سەپەرگە چىقتىمۇ؟

– **لاَ، لَمْ يُسَافِرْ بَعْدُ.** ياق، ئۇ تېخى سەپەرگە چىقمىدى.

– **أَهَذَا مَكَانٌ وَزَمَانٌ نَتَحَدَّثُ فِيهِمَا عَنْ ذَلِكَ** ؟ بۇ بىز ئاشۇ توغرىسىدا سۆزلىشىدىغان ئورۇن ۋە ۋاقىتمۇ؟

– **إِنَّهُ خَيْرُ مَوْضِعٍ وَظَرْفٍ** . بۇ ئەڭ ياخشى ئورۇن ۋە شارائىت.

2ـ بولۇشسىز سوئالغا جاۋاب بەرگەندە **بَلَى** قوللىنىلىپ «ياق، ئۇنداق ئەمەس» دېگەننى، **نَعَمْ** قوللىنىلىپ، «شۇنداق، ھەئە» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. **بَلَى** بولۇشسىز سوئالنى ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. **نَعَمْ** بۇ خىل بولۇشسىز سوئالنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ:

– **أَلَمْ يُسَافِرْ أَخُوكَ** ؟ سىنىڭ قېرىنداشىڭ سەپەرگە چىقمىدىمۇ ؟

– **بَلَى، ( أَيْ سَافَرَ )** ياق، ( ئۇ سەپەرگە چىقتى) **نَعَمْ** ، **( أَيْ لَمْ يُسَافِرْ )** ھەئە، ( سەپەرگە چىقمىدى)

3ـ تاللىما سوئالغا جاۋاب بەرگەندە « **نَعَمْ** » ياكى « **لاَ** » قوللىنىلمايدۇ، بەلكى تاللىنىدىغانلارنىڭ ئارىسىدىن مەلۇم بىرىنى بىۋاستە كەلتۈرۈشكە بولىدۇ ياكى تولۇق بىر جۈملىنى قوللىنىپ جاۋاب بېرىشكىمۇ بولىدۇ:

– **أَ بِالطَّائِرَةِ تُسَافِرُ أَمْ بِالْقِطَارِ**؟ سەن ئايروپىلان بىلەن سەپەر قىلامسەن ياكى پويىز بىلەنمۇ ؟

– **بِالْقِطَارِ.** پويىز بىلەن. – **أُسَافِرُ بِالْقِطَارِ.** مەن پويىز بىلەن سەپەر قىلىمەن.

4ـ قايتۇرما سوراق جۈملىگە جاۋاب بەرگەندە، قايتۇرما سوراق جۈملە بولۇشسىز جۈملە بولسا، جاۋاب بەرگەندە « **نَعَمْ** » نى ئىشلىتىش، قايتۇرما سوراقتا ئوتتۇرغا قويۇلغىنىغا قوشۇلۇشنى بىلدۈرىدۇ؛ « **بَلَى** » نى ئىشلىتىش، قايتۇرما سوراقتا ئوتتۇرغا قويۇلغىنىغا قوشۇلماسلىقنى بىلدۈرىدۇ.

– **إِنَّهُ كِتَابٌ جَيِّدٌ ، أَلَيْسَ كَذَلِكَ** ؟ ئۇ بىر ياخشى كىتاب، ئاشۇنداق ئەمەسمۇ ؟

---

[1] بېشى ئالدىنقىساندا.

– نَعَمْ ، اِنَّهُ لَيْسَ بِكِتَابٍ جَيِّدٍ . هە، ئۇ ياخشى كىتاب ئەمەس. – بَلَى ، اِنَّهُ كِتَابٌ جَيِّدٌ . ياق، ئۇ ياخشى كىتاب.

قايتۇرما سوراق جۈملە، بولۇشلۇق جۈملە بولسا، جاۋاب بەرگەندە « نَعَمْ » نىڭ قوللىنىلىشى قايتۇرما سوراقتا ئوتتۇرغا قويۇلغىنىغا قوشۇلۇشنى ئىپادىلەيدۇ. « لاَ » نىڭ قوللىنىلىشى قايتۇرما سوراقتا ئوتتۇرغا قويۇلغىنىغا قوشۇلماسلىقنى بىلدۈرىدۇ.

– لَمْ يَذْهَبْ اِلَى الْمَدِينَةِ ، أَهُوَ كَذَلِكَ ؟ ئۇ شەھەرگە بارمىدى، ئاشۇنداقمۇ؟

– نَعَمْ ، وَهو كذلك . ھەئە، ئاشۇنداق. لاَ ، وَهُوَ لَيْسَ كَذَلِكَ . ياق، ئاشۇنداق ئەمەس.

III سوئال ئۈلانمىسى « أ » نىڭ ئىپادىلەيدىغان مەنىلىرى

1ـ روشەن بولمىغان ئىشقا قارىتا سوئال قويۇشتىن ئىبارەت سوراقنى بىلدۈرىدۇ. مۇھىمى تۆۋەندىكى ئىككى خىل مەنىدە كېلىدۇ :

1) ئومۇمى سوئال جۈملىدە قارشى تەرەپتىن بولۇشلۇق ياكى بولۇشسىز جاۋاب بېرىشلا تەلەپ قىلىنىدۇ :

– أَ هِيَ أُمُّكَ؟ ئۇ سېنىڭ ئاناڭمۇ؟ أَلَمْ يَتَّصِلْ بِكَ أَمْسِ؟ ئۇ تۈنۈگۈن سەن بىلەن ئالاقىلاشمىدىمۇ؟

– أَ نَسْتَطِيعُ أَنْ نَحْصُلَ عَلَى نَفْسِ الْمَنَافِعِ ؟ بىز ئوخشاش مەنپەئەتكە ئېرىشەلەيمىزمۇ ؟

2) تاللىما سوئال جۈملىدە بىر قانچە تەڭداش بۆلەكلەردىن قارشى تەرەپنىڭ تاللاپ جاۋاب بېرىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

– أَنَذْهَبُ اِلَى حَدِيقَةِ الشَّعْبِ أَمْ حَدِيقَةِ الْحَيَوَانِ؟ خەلق باغچىسىغا بارىمىزمۇ ياكى ھايۋاناتلار باغچىسىغىمۇ ؟

– أَتَأْتِي أَنْتَ أَمْ عَلِيٌّ ؟ سەن كېلەمسەن ياكى ئەلىمۇ ؟

– أَتُرِيدُ أَنْ تُسَافِرَ فِي يَوْمِ اْلأَحَدِ أَمْ فِي يَوْمِ الاِثْنَيْنِ ؟

سىز يەكشەنبە كۈنى سەپەرگە چىقماقچىمۇ، ياكى دۈشەنبە كۈنىمۇ ؟

– أَتُحِبُّ هَذَا أَمْ ذَاكَ ؟ سەن بۇنى ياخشى كۆرەمسەن ياكى ئاۋۇنىمۇ ؟

2. سوئال ئۈلانمىسى «أ» قارشى تەرەپتىن بولۇشلۇق ياكى بولۇشسىز جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئومۇمى سوئال جۈملىدە قوللىنىلغاندىن باشقا، قايتىلاپ سوراشنى بىلدۈرىدىغان سوئال جۈملە، يەنى «بىلىپ تۇرۇپ سوراش» ياكى «ئېنىق تۇرۇقلۇق سوراش» نى بىلدۈرىدىغان قايتۇرما سوراق جۈملىدىمۇ قوللىنىلىشى مۇمكىن. ئىپادىلىنىش جەھەتتە سوئال قويۇلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ بايانى تەكىتلەپ ئىپادىلەشنىڭ بىر خىل شەكلى. ئۇ باشقىلارنىڭ جاۋاب بېرىشىگە ھاجەت بولمايدۇ، بۇ خىل قايتۇرما سوراق ئىپادىلەيدىغان مەنا ناھايىتى مۇرەككەپ، ئۇ تەسەۋۋۇر، گۇمان ياكى ئىشىنەلمەسلىك، مۇراجىئەت، ئۈكۈندۈرۈش، ھەيرانلىق قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىشى مۇمكىن.

1) پەرەز تەسەۋۋۇر (اَلتَّصَوُّرُ) نى بىلدۈرىدۇ:

سۆزلىگۈچى بىر ئىشقا نىسبەتەن دەسلەپكى قاراش ۋە چۈشەنچىگە ئىگە بولغان بولۇپ، ئۇتامامەن توغرا بولىشىمۇ مۇمكىن توغرا بولماسلىقىمۇ مۇمكىن.

– أَأَنْتَ عِصَامٌ؟ سەن ئىساممۇ؟ – أَقَدْ تَعْرِفُ أَيْنَ هُوَ؟ سەن ئۇنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلەرسەن؟

– أَدِبْسٌ فِي اْلإِنَاءِ أَمْ عَسَلٌ ؟ قاچىنىڭ ئىچىدە شىرنە بارمۇ ياكى ھەسەلمۇ؟

2) بۇرۇلما قايتۇرما سوراق (اَلاِنْكَارُ اْلاِبْطَالِيُّ) بىلدۈرىدۇ:

قوللىنىلغان سوئال شەكلى بايان قىلىنغان مەزمۇننى كۈچەيتىدۇ، بولۇشسىز بولغاندا،

ئىپادىلەيدىغىنى بولۇشلۇق مەنە بولىدۇ. بولۇشلۇق بولغاندا ئىپادىلەيدىغىنى بولۇشسىز مەنا بولىدۇ.

– **قُلْتَ اِنَّكَ صَدِيقِى الْحَمِيمُ ، أَسَاعَدْتَنِى عِنْدَ الشَّدَائِدِ؟**

سەن ئۆزۈڭنىڭ مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇم ئىكەنلىكىڭنى ئېيتتىڭ. قىيىن چاغلاردا ماڭا ياردەم قىلدىڭمۇ؟

– **أَلَيْسَ النَّجَاحُ يَأْتِى مِنَ الصَّبْرِ وَالاِجْتِهَادِ ؟** مۇۋەپپەقىيەت سەۋر ۋە تىرىشچانلىقتىن كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟

– ﴿ **أَفَسِحْرٌ هَذَا أَمْ أَنْتُمْ لاَ تُبْصِرُونَ؟** ﴾ ( **الطور ٥٢: ١٥** )

﴿**(يەنە ئۇلارغا): «بۇ دوزاخ سېھرمىكەن ياكى سىلەر كۆرمەيۋاتامسىلەر» دېيىلىدۇ**﴾ **(52 ـ سۈرە / تۇر 15 ـ ئايەت)**

3) ئۆكۈندۈرمە قايتۇرما سوراق (**اَلإِنْكَارُ التَّوْبِيخِيُّ**) نى بىلدۈرىدۇ:

سۆزلىگۈچى سوئالنىڭ ياردىمى ئارقىلىق قارشى تەرەپكە نارازىلىق، ئەيىبلەش، ئۆكۈندۈرۈشنى ئىپادىلەيدۇ. جۈملە تەركىبىدىكى سوئالنىڭ مەزمۇنى رېئال ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولىدۇ.

– **أَتَفْعَلُ مَا تَعْرِفُهُ مِنَ الْخَطَأ ؟** سىز بىلىدىغان خاتالىقنى قىلۋاتامسىز؟

– **أَلَمْ تُحِسَّ بِالْخَجَلِ؟** سىز خىجىللىقنى ھېس قىلمىدىڭىزمۇ – **أَلاَ تَقُومُ؟** سىز ئورنىڭىزدىن تۇرمامسىز؟

– **أَفَعَلْتَ هَذَا الْمِقْدَارَ الْقَلِيلَ مِنَ الْعَمَلِ خِلاَلَ يَوْمَيْنِ؟**

سەن ئىككى كۈن داۋامىدا مۇشۇنچىلىكلا ئاز خىزمەت قىلدىڭمۇ؟

4) ئېتىراپ قىلىش (**اَلتَّقْرِيرُ**) نى بىلدۈرىدۇ:

سۆزلىگۈچى ئىشنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغان بولۇپ، پەقەت سوئال ئارقىلىقلا ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ.

– **أَلَسْتَ تُحِبُّهَا ؟** سەن ئۇنى ياخشى كۆرۈۋاتقان ئەمەسمۇ ؟ **أَ أَنْتَ ضَرَبْتَهُ؟** سەنغىنە ئۇنى ئۇردۇڭمۇ؟

– **أَهَذَا لَسْتَ فَعَلْتَهُ؟** بۇنىغىنە سەن قىلغان بولمىغىدىڭ؟

– **أَحَفِظْتَ الدَّرْسَ؟ (تقرير للفعل)** سەن دەرسنى يادلىغانتىڭغۇ ؟

– **أَ أَنْتَ حَفِظْتَ الدَّرْسَ؟ (تقرير للفاعل)** سەنغىنە دەرسنى يادلىدىڭمۇ ؟

– **أَدَرْسَكَ حَفِظْتَ؟ (تقرير للمفعول به)** دەرسىڭنىغىنە يادلىدىڭمۇ؟

5) مەسخىرە ـ مازاق (**اَلتَّهَكُّمُ**) نى بىلدۈرىدۇ:

سۆزلىگۈچى سوئال ئارقىلىق قارشى تەرەپنى مەسخىرە ـ مازاق قىلىدۇ:

– **أَتَنْبَثِقُ هَذِهِ الْفِكْرَةُ مِنْ رَأْسِكَ الْعَظِيمِ؟** بۇ پىكىر سېنىڭ بۈيۈك كاللاڭدىن كېلىپ چىقىدىغاندۇ ؟

– **أَلَسْتَ تَعْرِفُ كُلَّ شَيْءٍ؟** سەن ھەر نەرسىنى بىلىسەن ئەمەسمۇ ؟

– **جِسْمُكَ قَوِيٌّ ، اَلاَ تَسْتَطِيعُ أَنْ تَحْمَلَ هَذَا ؟** سېنىڭ بەدىنىڭ كۈچلۈك، بۇنىمۇ كۆتۈرەلمەمسەن؟

6) بۇيرۇق ( **اَلأَمْرُ** ) نى بىلدۈرىدۇ:

سۆزلىگۈچى سوئال ئارقىلىق قارشى تەرەپكە بىرەر ئىشنى قىلىش تەلىپىنى قويۇشى پەقەت سىپايىلىق تۈسىنىلا قوشىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆتۈنۈپ سوراش ئىماسىدىكى سوئال شەكلىدە كەلگەن ئۇمۇد ـ تەلەپ جۈملىسى بولۇپ كېلىدۇ:

– **أَكَتَبْتَ الْوَاجِبَاتِ؟** سەن تاپشۇرۇقلارنى يازغانسەن؟ **أَ نَظَّفْتَ الْغُرْفَةَ؟** سەن بۆلۈمنى تازىلىغانسەن؟

– **أَعِنْدَكُمْ سُؤَالٌ؟** سوئالىڭلار باردۇ؟

7) تەئەججۈپ ( **اَلتَّعَجُّبُ** ) نى بىلدۈرىدۇ:

سۆزلىگۈچى سوئال ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەيرانلىنىش، تەئەججۈپ ياكى خۇرسىنىش ھېسياتىنى ئىپادىلەيدۇ :

– أَلَمْ تَعْرِفْنِي ؟ أَنَا حَسَنٌ.     سەن مېنى تونۇمىدىڭمۇ؟ مەن ھەسەن.
– أَكُلُّ هَذِهِ لَكَ وَحْدَكَ؟     بۇنىڭ ھەممىسى يالغۇز سېنىڭكى؟ – أَمَا رَأَيْتَ هَذَا؟ بۇنى كۆرمىگەنمىدىڭ؟

8) ئاستا دەپ بىلىش ( اَلِاسْتِبْطَاءُ ) نى بىلدۈرىدۇ:

سۆزلىگۈچى سوئال ئۇسلۇبى ئارقىلىق قارشى تەرەپنىڭ ھەركىتىنى ناھايىتى ئاستا دەپ قارىغانلىقىنى ياكى ئىش ـ ھەركەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى ئاستىلاپ كەينىگە سۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ :

– أَتَظُنُّ أَنَّ الْوَقْتَ مُبَكِّرٌ ؟     سەن ۋاقىتنى بالدۇر دەپ ئويلاۋاتامسەن ؟

– ﴿أَلَمْ يَأْنِ لِلَّذِينَ آمَنُوا أَنْ تَخْشَعَ قُلُوبُهُمْ لِذِكْرِ اللهِ وَمَا نَزَلَ مِنَ الْحَقِّ﴾ ( الحديد٥٧: ١٦)

**«مۆمىنلەر ئۈچۈن ئاللاھنىڭ زىكرىگە ۋە نازىل بولغان ھەقىقەت (قۇرئان ئايەتلىرى) گە دىللىرى ئېرىيدىغان ۋاقىت تېخى يەتمىدىمۇ ؟» (57 ـ سۈرە / ھەدىد 16 ـ ئايەت)**

أ ( هَمْزَةُ التَّسْوِيَةِ )

«أ» يەنى باراۋەرلەشتۈرگۈچى اَلْهَمْزَةُ (اَلْهَمْزَةُ لِلتَّسْوِيَةِ)، پەتھەگە قاتقان، مەستەر قوشۇمچىسى. ئۇ ئۆزىدىن كېيىنكى پېئىللىق جۈملە بىلەن بىرلىكتە بىر قىياسىي مەستەر ( بىۋاستە مەستەر ئورنىدا كېلەلەيدىغان ) ھاسىل قىلىپ جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ.

I ـ باراۋەرلەشتۈگۈچى اَلْهَمْزَةُ نىڭ قوللىنىلىشى

1 ـ بۇ اَلْهَمْزَةُ كۆپىنچە تۆۋەندىكى سۆز ۋە جۈملە شەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە قوللىنىلىدۇ؛

**سَوَاءٌ** ( ئوخشاش، باراۋەر )، **سِيَّانِ** ( ئىككىسى ئوخشاش، ئىككىسى باراۋەر، بىرلىكى: **سِيٌّ** ) : **مَا أُبَالِي** ( كۆڭۈل بۆلمەيمەن، دىققەت قىلمايمەن ) ؛ **مَا أَدْرِي** ( بىلمەيمەن ) ؛ **لَيْتَ شِعْرِي** ( بىلسەم ئىدىم، بىلسەمچۇ ) ؛ ئۇنىڭدىن باشقا يۇقىردا بايان قىلىنغان سۆز، جۈملە شەكىللىرىگە مەنىداش بولغان بەزى سۆز ۋە جۈملە شەكىللىرى بىلەن بىللە كېلىدۇ. مەسىلەن : « **لَمْ يَكُنْ مُبَيِّنًا**...» ( ...ئېنىق بولمىدى، ئېنىق ئەمەس) « **لَمْ يَكُنْ مُتَمَيِّزًا**...» (... پەرقلىق بولمىدى، پەرقلىق ئەمەس )، « **لَمْ يَكُنْ مَعْرُوفًا**...» ( ...مەلۇم بولمىدى، مەلۇم ئەمەس )؛ « **لَمْ تُوَضِّحْ** ...» ( ئۇچۇقلاشتۇرمىدىڭ، روشەنلەشتۈرمىدىڭ )؛ « **لَمْ أُمَيِّزْ** ...» ( پەرقلەندۈرەلمىدىم، ئايرىيالمىدىم )؛ « **لَمْ أُبَيِّنْ** ...» ( ئاشكارە قىلالمىدىم، بايان قىلالمىدىم )؛ « **لَمْ أَشْعُرْ** ...» ( ھېس قىلالمىدىم)؛ « **لَمْ أُؤَكِّدْ**...» ( مۇئەييەنلەشتۈرەلمىدىم ) ... قاتارلىقلار :

– **سَوَاءٌ عَلَيَّ أَدَرَسْتَ أَمْ لَمْ تَدْرُسْ** .     سەن ئۆگەنگىن ئۆگەنمىگىن ماڭا بەرىبىر.
– **أُحِبُّ قِرَاءَ الشِّعْرِ سَوَاءٌ أَكَانَ قَدِيمًا أَمْ حَدِيثًا.**

شېئىر مەيلى قەدىمىي ياكى ھازىرقى بولسۇن ئوخشاشلا، ئۇنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن.

– **تَشْهَدُ بِلَادُنَا الْيَوْمَ عَهْدًا زَاهِرًا فِي مُخْتَلِفِ الْمَجَالَاتِ سَوَاءٌ أَكَانَتْ عِلْمِيَّةً أَمِ اقْتِصَادِيَّةً أَمِ اجْتِمَاعِيَّةً** .

ئېلىمىز بۈگۈن خىلمۇ ـ خىل ساھەلەردە، مەيلى ئۇ ئىلمىي ياكى ئىقتىسادىي ياكى ئىجتىمائىي ساھە بولسۇن ئوخشاشلا گۈللەنگەن بىر دەۋرنى باشتىن كەچۈردى.

– **سِيَّانِ عِنْدِي أَ وَافَقْتَ أَوْ عَارَضْتَ.**  سېنىڭ قوشۇلۇشۇڭ ياكى قارشى تۇرۇشۇڭ ئىككىسى ماڭا ئوخشاش.
– **مَا يُبَالِي أَتَبْقَى أَمْ تُغَادِرُ** .     سېنىڭ قېلىشىڭ ياكى كېتىشىڭگە ئۇ دىققەت قىلىپ كەتمەيدۇ.
– **مَا أَدْرِي أَصَدَقَ أَمْ كَذَبَ.**  مەن ئۇنىڭ راست ئېيتقانلىقىنى ياكى يالغان ئېيتقانلىقىنى بىلگىنىم يوق.

– **لَيْتَ شِعْرِى أَنَجَحَ أَمْ رَسَبَ.** ئۇنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلىكىنى ياكى ئۆتمىگەنلىكىنى بىلسەم ئىدىم.
– **لَمْ يَكُنْ مُبَيَّنًا أَصَحَّ قَوْلُهُ أَمْ لاَ .** ئۇنىڭ سۆزىنىڭ توغرا بولغانلىقى ياكى ئەمەسلىكى روشەن بولمىدى.
– **لَمْ تُوَضِّحْ أَيُخْطِئُ أَمْ يُصِيبُ .** ئۇنىڭ خاتا قىلغانلىقى ياكى توغرا قىلغانلىقىنى ئۇچۇقلاشتۇرمىدىڭ.
2ـ بۇ **اَلْهَمْزَةُ** دىن كېيىنكى پېئىل ئۆتكەن زامان پېئىلى بولسىمۇ بولىدۇ ياكى ھازىرقى زامان پېئىلى بولسىمۇ بولىدۇ.
– **اِنَّ جَمِيعَ الدُّوَلِ مُتَسَاوِيَةٌ سَوَاءٌ أَكَانَتْ كَبِيرَةً أَمْ صَغِيرَةً.**
دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى باراۋەر، مەيلى چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن ئوخشاش.
– **عَلَيْنَا أَنْ نَعْمَلَ لِلوَطَنِ بِجِدٍّ وَنَشَاطٍ سَوَاءٌ أَيُوَافِقُ الْعَمَلُ هَوَانَا أَمْ لاَ يُوَافِقُ .**
خىزمەت بىزنىڭ قىزىقىشىمىزغا ئۇيغۇن بولسۇن ياكى بولمىسۇن ئوخشاشلا ۋەتەن ئۈچۈن ئەستايىدىل ۋە ئاكتىپ ئىشلىشىمىز لازىم.
3. بۇ **اَلْهَمْزَةُ** دىن كېيىنكى جۈملە ئىسىملىق جۈملە بولۇشىمۇ مۇمكىن ؛
– **لَمْ يَكُنْ مَعْرُوفًا أَهُوَ مُقِيمٌ أَمْ هُوَ ذَاهِبٌ.** ئۇنىڭ تۇرۇپ قالغانلىقى ياكى كېتىپ قالغانلىقى مەلۇم بولمىدى.
– **لاَ يُبَالِي عَارِفٌ أَرَئِيسُهُ حَاضِرٌ أَمْ غَائِبٌ .** ئارىپ باشلىقىنىڭ بار ياكى يوقلىقىغا دىققەت قىلىپ كەتمەيدۇ.
4. بۇ **اَلْهَمْزَةُ** چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن ؛
– **اِنَّ الشَّعْبَ الصِّينِيَّ ، سَوَاءٌ فِى الْمَدِينَةِ أَمْ فِى الرِّيفِ يُؤَيِّدُ سِيَاسَةَ الْاِنْفِتَاحِ.**
جۇڭگو خەلقى، مەيلى شەھەردە بولسۇن ياكى يېزىدا بولسۇن ئوخشاشلا، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى قوللايدۇ.
– **سَوَاءٌ عَلَيَّ تَأْتِى أَمْ لاَ تَأْتِى .** سېنىڭ كېلىشىڭ ياكى كەلمەسلىكىڭ ماڭا ئوخشاش.
II ـ باراۋەرلەشتۈرگۈچى **اَلْهَمْزَةُ** ئۆزىدىن كېيىنكى جۈملە بىلەن قىياسىي مەستەر ھاسىل قىلغاندىن كېيىنكى گراماتىكىلىق تەھلىلى ؛
1. باراۋەرلەشتۈرگۈچى **اَلْهَمْزَةُ، سَوَاءٌ** ياكى « **سِيَّانِ** » بىلەن قوللىنىلغاندا « **سَوَاءٌ** » ۋە « **سِيَّانِ** » كۆپىنچە جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ، تەتۈر ئىسىملىق جۈملىنىڭ ئالدىدا كەلگەن خەۋىرى بولىدۇ. باراۋەرلەشتۈرگۈچى **اَلْهَمْزَةُ** ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى جۈملىدىن ھاسىل بولغان قىياسىي مەستەر كېيىن كەلگەن مۇبتەدا بولىدۇ.
– **سَوَاءٌ عَلَيَّ أَدَرَسْتَ أَمْ لَمْ تَدْرُسْ.** (**اَلْمُبْتَدَأُ الْمُؤَخَّرُ**) **سِيَّانِ عِنْدِى أَوَافَقْتَ أَمْ عَارَضْتَ.** (**اَلْمُبْتَدَأُ الْمُؤَخَّرُ**)
2. **اَلْهَمْزَةُ** «**مَا (لاَ) أُبَالِي ...**» «**مَا (لاَ) أَدْرِى**» «**لَمْ أُبَيِّنْ**» «**لَمْ أُمَيِّزْ**» « **لَمْ أُؤَكِّدْ** » « **لَمْ تُوَضِحْ** » «**لَمْ أَشْعُرْ** » « **لَيْتَ شِعْرِى** »... قاتارلىقلارغا ئوخشاش پېئىل ياكى مەستەرلەر بىلەن قوللىنىلغاندا، باراۋەرلەشتۈرگۈچى **اَلْهَمْزَةُ** ئۇنىڭدىن كېيىنكى جۈملىدىن ھاسىل بولغان قىياسىي مەستەر بىلەن چۈشۈم كېلىش ئورنىدا كېلىپ يۇقىرىدىكى پېئىللارنىڭ تولدۇرغۇچىسى بولىدۇ.
– **لَمْ أَشْعُرْ أَيَكُونُ الْحَلُّ صَحِيحًا أَمْ غَيْرَ صَحِيحٍ .** ( **اَلْمَفْعُولُ بِهِ** )
مەن تەدبىرنىڭ توغرا بولىدىغانلىقى ياكى توغرا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلالمىدىم.
– **لَيْتَ شِعْرِى أَنَجَحَ أَمْ رَسَبَ .** ( **اَلْمَفْعُولُ بِهِ، خَبَرُ « لَيْتَ » مَحْذُوفٍ تَقْدِيرُهُ كَائِنٌ أَوْ حَاصِلٌ** )
ئۇنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلىكىنى ياكى ئۆتمىگەنلىكىنى بىلسەم ئىدىم.
3. باراۋەرلەشتۈرگۈچى **اَلْهَمْزَةُ** « **لَمْ يَكُنْ مُبَيَّنًا ...**» « **لَمْ يَكُنْ مُتَمَيِّزًا...**» قاتارلىقلارغا ئوخشاش جۈملە

شەكىللىرى بىلەن قوللىنىلغاندا، باراۋەرلەشتۇرگۇچى اَلْهَمْزَةُ ئۇنىڭدىن كېيىنكى جۈملىدىن ھاسىل بولغان قىياسىي مەستەر، ئورۇن جەھەتتە باش كېلىشتە كەلگەن « كَانَ » نىڭ ئىسمى بولىدۇ:

لَمْ يَكُنْ مُبَيِّنًا أَصَحَّ قَوْلُهُ أَمْ لاَ . ( إِسْمُ كَانَ الْمُؤَخَّرُ )

4. باراۋەرلەشتۇرگۇچى اَلْهَمْزَةُ دىن كېيىن ئىسىملىق جۈملە بولغىنىدا، ئىسىملىق جۈملە چۈشۈپ قالغان بىر تولۇقسىز پېئىل «كَانَ » نىڭ خەۋىرى دەپ قارىلىدۇ. «كَانَ » نىڭ ئىسمى بولسا بايان ئالمىشى ( ضَمِيرُ الشَّأْنِ ) بولىدۇ:

– لاَ يُبَالِي عَارِفٌ أَرَئِيسُهُ حَاضِرٌ أَمْ غَائِبٌ. ( أَىْ أَكَانَ رَئِيسُهُ حَاضِرٌ أَمْ غَائِبٌ )

5. باراۋەرلەشتۇرگۇچى اَلْهَمْزَةُ چۈشۈپ قالغاندا، ئۇ ئۆزىدىن كېيىنكى پېئىللىق جۈملە بىلەن بىرلىكتە بىر قىياسىي مەستەر ھاسىل قىلغان دەپ قارىلىدۇ.

– اِنَّ الشَّعْبَ الصِّينِيَّ ، سَوَاءٌ فِى الْمَدِينَةِ أَمْ فِى الرِّيفِ يُؤَيِّدُ سِيَاسَةَ اْلاِنْفِتَاحِ. ( أَىْ سَوَاءٌ أَكَانَ فِى الْمَدِينَةِ أَمْ فِى الرِّيفِ ...)

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان جۈملىلەردىكى « أَمْ » باغلىغۇچى بولىدۇ.

أ ( هَمْزَةُ النِّدَاءِ )

« أ » – يېقىندىكىنى چاقىرىش قوشۇمچىسى ( حَرْفٌ لِنِدَاءِ الْقَرِيبِ )

چاقىرىق قوشۇمچىسى « أ » يەنە چاقىرىق اَلْهَمْزَةُ ( هَمْزَةُ النِّدَاءِ ) سى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بۇ چاقىرىق قوشۇمچىسىنىڭ تەلەپپۇزى قىسقا بولغانلىقتىن يېقىندىكىنى ۋە ئوتتۇردىكىنى چاقىرىشتا قوللىنىلىدۇ ياكى ئىستىلىستىكىلىق ئېھتىياجغا ئاساسەن يىراقتىكىنى يېقىندىكى دەپ قارىغاندا ئۇنىڭغىمۇ قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى چاقىرىلغۇچى ( اَلْمُنَادَى ) چاقىرىق قوشۇمچىسى ( حَرْفُ النِّدَاءِ ) « يَا ، آ » قاتارلىقلاردىن كېيىن كەلگەن چاقىرىلغۇچىلارنىڭ گىراماتىكىلىق تەھلىلىگە ئوخشاش تولدۇرغۇچى (ياكى ئورۇن جەھەتتە چۈشۈم كېلىشتە) بولىدۇ.

– أَخَالِدُ، سَاعِدْنِى! ئى خالىد، ماڭا ياردەم بەر! أَعَلِيُّ، كُنْ عَاقِلاً ! ئى ئەلى، ئەقىللىق بول!

– أَسِرْبَ الْقَطَا هَلْ مَنْ يُعِيرُ جِنَاحَهُ ئى چىل قۇشلار توپى! قانىتىنى ئارىيەت بەرگۈچى بارمۇ؟!

لَعَلِّى اِلَى مَنْ قَدْ هَوِيتُ أَطِيرُ مەن ياخشى كۆرگەن كىشىنىڭ يېنىغا ئۇچسامچۇ ؟!

– أَصَدِيقِى! أَكْتُبُ اِلَيْكَ وَقَدْ بَلَغَ الشَّوْقُ غَايَتَهُ.

ئى دوستۇم! مەن، سېغىنىش چېكىگە يەتكەن ھالدا ساڭا خەت يېزىۋاتىمەن.

آ

«آ» يىراقتىكى چاقىرىلىدىغان چاقىرىق قوشۇمچىسى (آ لِلنِّدَاءِ يُنَادَى بِهَا الْبَعِيدُ)

ئۇ مۇھىمى يىراقتىكىنى چاقىرىشتا قوللىنىلىدۇ. ياكى ئىستىلىستىكىلىق ئېھتىياجغا ئاساسەن يېقىندىكى ( مەسىلەن: قاتتىق ئۇخلىغۇچى، دىققىتى چېچىلىپ ھاڭۋېقىپ قالغۇچى) يىراقتىكى چاقىرىلغۇچى دەپ قارالغىنىدا ئۇنى قوللىنىشقا بولىدۇ.

بۇ قوشۇمچىنىڭ ئاخىرى سۈكۇنغا قاتقان، جۈملىدە گىراماتىكىلىق ئورنى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى چاقىرىلغۇچىنىڭ گىراماتىكىلىق تەھلىلىنى چاقىرىق قوشۇمچىسى ۋە چاقىرىلغۇچى ھەققىدىكى مۇناسىپ باپ ۋە تارماقلاردىن پايدىلىنىڭ.

– آ زَيْدُ ، تَعَالَ بِسُرْعَةٍ! ھەي زەيد، بۇ يەرگە تېز كەل! آ فَوْزُ، قُمْ مِنَ النَّوْمِ! ھەي فەۋز، ئۇيقۇدىن تۇر!

– آ وَلَدُ ، لِمَاذَا شَرَدَ فِكْرُكَ عِنْدَ الدَّرْسِ ؟ ھەي بالا، دەرستە نېمە ئۈچۈن پىكرىڭ چېچىلدى؟

أَبَابِيلُ

« أَبَابِيلُ » - « توپ » مەنىدىكى ئىسىم بولۇپ، ئۇنىڭ بىرلىك سان شەكلى يوق، « جَمَاعَاتٌ » بىلەن مەنىداش، « توپ — توپ، تۈركۈم ـ تۈركۈم » دېگەن مەنىدە. ئۇ قوللىنىلغاندا تۇلۇقسىز تۈرلىنىشتىكى ئومۇمى ئىسىملارغا ئوخشاش تۈرلىنىش ئالامىتىدە جۈملىدە ھەر خىل بۆلەك بولۇپ كېلىدۇ.

– ﴿ أَرْسَلَ عَلَيْهِمْ طَيْرًا أَبَابِيلَ ﴾ (الفيل١٠٥ :٣) (الحال)

﴿پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە توپ ـ توپ قۇشلارنى ئەۋەتتى﴾ (105 ـ سۈرە / فىيل 3 ـ ئايەت)

– تُحَلِّقُ أَبَابِيلُ مِنَ الطُّيُورِ فَوْقَ الْغَابَةِ. (الفاعل) توپ ـ توپ قۇشلار ئورمانلىق ئۈستىدە پەرۋاز قىلىشىۋاتىدۇ.

– تَرْقُصُ الْفَرَاشُ أَبَابِيلَ رَقْصًا رَشِيقًا رَائِعًا بَيْنَ ٱلْأَزْهَارِ. (الحال)

كېپىنەكلەر توپ ـ توپ ھالدا گۈللەر ئارىسىدا لەرزان، قىزىقارلىق ئۇسۇل ئويناۋاتىدۇ.

– رَأَيْتُ أَبَابِيلَ مِنَ الْفَرَاشِ تَرْقُصُ رَقْصًا رَشِيقًا بَيْنَ ٱلْأَزْهَارِ. (المفعول به)

مەن توپ ـ توپ كېپىنەكنىڭ گۈللەر ئارىسىدا لەرزان ئۇسۇل ئويناۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

إِبَّان ( اِبَّانَئِذٍ )

« اِبَّانٌ » - ئىسىم بولۇپ، « ۋاقىت، مەزگىل، چاغ » دېگەن مەنىدە. ئۇنىڭ مۇھىمى مۇنۇ ئىككى قوللىنىلىشى بار:

1 - « إِبَّانٌ » « وَقْتٌ » بىلەن مەنىداش، سۆز ئاخىرى تۈرلىنىدىغان ئىسىم، جۈملە تەركىبىدە ھەر خىل بۆلەك بولۇپ كېلىدۇ.

– لِكُلِّ شَيْءٍ إِبَّانُهُ. ( اَلْمُبْتَدَأُ الْمُؤَخَّرُ ) ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى بار.

– هُوَ فِي اِبَّانِ شَبَابِهِ . ( اَلْمَجْرُورُ بِـ « فِي ») ئۇ ئۆزىنىڭ ياشلىق مەزگىلىدە.

2 - « إِبَّانٌ » « حِينٌ » بىلەن مەنىداش بولۇپ مۇستەقىل قوللىنىلمايدۇ، ئۇ ئىزاپەتلىك بىرىكمىنىڭ بىرىنچى ئەزاسى بولغان ئىزاپەتلىك بىرىكمە جۈملە تەركىبىدە ۋاقىت رەۋىشى ( ظَرْفُ الزَّمَانِ ) بولىدۇ، سۆز ئاخىرى پەتھەلىك كېلىدۇ. ئىزاپەتلىك بىرىكمىنىڭ ئىككىنچى ئەزاسى يەككە سۆزدىنمۇ كېلىدۇ، ئىسىملىق جۈملە ياكى پېئىللىق جۈملىدىنمۇ كېلەلەيدۇ، يەنى ؛ « آن، حِين » بىلەن ئوخشاش. «اِذْ» بىلەن ئىزاپەتلىك بىرىكمە ھاسىل قىلىپ « اِبَّانَئِذٍ » شەكلىدە يېزىلىدۇ، جۈملە تەركىبىدە يەنىلا ۋاقىت رەۋىشى بولىدۇ .

– زُرْتُ بَلَدَتِي اِبَّانَ الْفَاكِهَةِ . مەن يۇرتۇمنى مېۋە مەزگىلىدە زىيارەت قىلدىم.

– زُرْتُ بَغْدَادَ اِبَّانَ الْحَرْبِ مُسْتَعِرَةً. مەن باغداتنى ئۇرۇش ئوتى تۇتاشقان چاغدا زىيارەت قىلدىم .

– كُلُّ حَيٍّ اسْتَيْقَظَ اِبَّانَ أَشْرَقَتِ الشَّمْسُ. ھەربىر جانلىق كۈن چىققاندا ئويغاندى.

– اِنْدَلَعَتْ نِيرَانُ الْحَرْبِ بَيْنَ الْكُوَيْتِ وَالْعِرَاقِ وَكَانَتْ أَمِينَةُ فِي الْكُوَيْتِ اِبَّانَئِذٍ .

كۇۋەيت بىلەن ئىراق ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش ئوتى ياندى، ئاشۇ چاغدا ئامىنە كۇۋەيتتە ئىدى.

أبَد

« أَبَدٌ » ئىسىم بولۇپ، « مەڭگۈ، ئەبەدى، ھەمىشە، دائىم » دېگەن مەنىدە، « دَوَامٌ » بىلەن مەنىداش. ئۇنىڭ ئاساسلىق قوللىنىلىشى ئۈچ خىل:

1 ـ « أَبَدًا » ۋاقىت رەۋىشى( ظَرْفُ الزَّمَانِ ) بولۇپ، « مەڭگۈ، ئەزەلدىن، ھەمىشە، ئەبەدىلئەبەت» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. پەقەت ھازىرقى زامان پېئىلىدىن كەلگەن بولۇشلۇق ياكى بولۇشسىز جۈملىدىلا كېلىدۇ. ئۆتكەن زامان پېئىللىق جۈملىسى كەلگۈسى زامانغىچە سوزۇلغان مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندا، ئۇنىڭ بىلەن قوللىنىلىدۇ.

– لَنْ أَقِفَ مَعَكُمْ أَبَدًا . مەن مەڭگۈ سىلەر بىلەن بىللە تۇرمايمەن.

– أَنْتَ أَبَدًا تُرَدِّدُ مَا أَقُولُهُ وَلاَ تَفْعَلُ شَيْئًا.

سەنزە، ھەمىشىلا دەيدىغانلىرىمنى تەكرارلايسەن، ھېچ ئىش قىلمايسەن.

– سَأَفْعَلُ ذَلِكَ أَبَدًا. مەن ئەزەلدىن ئۇنى قىلمىدىم.

﴿بَدَا بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمْ الْعَدَاوَةُ وَالْبَغْضَاءُ أَبَدًا حَتَّى تُؤْمِنُوا بِاللهِ وَحْدَهُ﴾ ( الممتحنة ٦٠ : ٤ )

**﴿بىز بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا، ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك تاكى سىلەر يالغۇز بىر ئاللاغا ئىمان ئېيتقىنىڭلارغا قەدەر ئەبەدىي مەۋجۇت﴾ ( 60 ـ سۈرە / مۇمتەھىنە 4 ـ ئايەت)**

2 ـ « أَبَدٌ » « دَهْرٌ » بىلەن مەنىداش، «دەۋر، زامان» مەنىسىدە، ئۇ مۇستەقىلمۇ قوللىنىلىدۇ، لېكىن ئېنىقلىق ئالامىتى « ال » كېلىشى لازىم بولىدۇ. ئۇ ھەمىشە ئۆزىگە مەنىداش ئىسىم « دَهْرٌ » ياكى ئۆزىنىڭ ئەسلىي ھەرپلىرى ئوخشىشىپ كېتىدىغان سۆز « أَبِيدٌ » بىلەن ئىزاپەتلىك بىرىكمە ھاسىل قىلغان ھالدا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: « أَبَدَ الدَّهْرِ » « أَبَدَ الْأَبَدِ » « أَبَدَ أَبَدٍ » « أَبَدَ أَبِيدٍ » « أَبَدَ الْآبَادِ » « أَبَدَ الْأَبَدِيَّةِ » « أَبَدَ الْآبِدِينَ» « اَلْأَبَدَ الْأَبِيدَ » مەنىسى : «ئەبەدى، ئەبەدىلئەبەت». ھازىرقى زامان پېئىللىق جۈملىسى تەركىبىدە ۋاقىت رەۋىشى بولۇپ بىۋاستە چۈشۈم كېلىشتە كېلىدۇ ياكى ئالدىغا ئالدى قوشۇلغۇچى « إِلَى » قوشۇلىدۇ.

– وَمَنْ لاَ يُحِبَّ صُعُودَ الْجِبَالِ يَعِشْ أَبَدَ الدَّهْرِ بَيْنَ الْحُفَرِ.

كىمكى تاققا چىقىشنى خالىمايدىكەن، ئورەك ـ ئازگال ئارىسىدا ئەبەدىي ياشىسۇن.

– مَاتَ الْبَطَلُ اِلاَّ أَنَّ رُوحَهُ تَبْقَى خَالِدَةً الْأَبَدَ الْأَبِيدَ.

قەھرىمان ۋاپات بولدى، لېكىن ئۇنىڭ روھى ئەبەدىلئەبەت مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

– سَيَعِيشُ الْأَبْطَالُ الْوَطَنِيُّونَ فِي قُلُوبِ الشَّعْبِ اِلَى أَبَدِ أَبِيدٍ.

ۋەتەنپەرۋەر قەھرىمانلار خەلق قەلبلىرىدە ئەبەدىلئەبەد ياشايدۇ.

– نَتَمَنَّى أَنْ يَسُودَ الدُّنْيَا الْحُبُّ اِلَى أَبَدَ الدَّهْرِ .

دۇنيانى مۇھەببەت مەڭگۈ قاپلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

– لَكِنْ صَدِيقَيْنِ حَمِيمَيْنِ اِلَى الْأَبَدِ.

بىز ئىككىمىز مەڭگۈ جانجان دوست بولايلى.

– لاَ يَنْسَى اِلَى أَبَدِ الْآبِدِينَ كُلَّ مَا تَعَرَّضَ لَهُ هُنَاكَ.

ئۇ ئۇيەردە ئۆزىگە يولۇققان ھەربىر ئىشنى ئەبەدىلئەبەد ئۇنتۇمايدۇ.

« اَلْأَبَدُ » « مُنْذُ » بىلەن ئىزاپەتلىك بىرىكمە ھاسىل قىلىپ ئىزاپەتلىك بىرىكمىنىڭ ئىككىنچى ئەزاسى بولۇپ، ۋاقىت رەۋىشى رولىدا كېلىدۇ. مُنْذُ الْأَبَدِ ( اَلزَّمَنُ الْقَدِيمُ الْمَجْهُولُ الْمِقْدَارُ ) مەنىسى :«ئەزەلدىن، بۇرۇندىن».

– عَرَفَ الْإِنْسَانُ الزِّرَاعَةَ مُنْذُ الْأَبَدِ . ئىنسانلار دېھقانچىلىقنى بۇرۇندىن بىلگەن.

3 ـ « أَبَدًا » بىلەن « قَطْعًا » « أَصْلاً » مەنىداش بولۇپ «ھەرگىز، ئەسلا» دېگەن مەنىدە. مۇھىمى ئۇ بولۇشسىز ھازىرقى زامان پېئىلى بىلەن كەلگەن جۈملىدە قوللىنىلىپ ھالەت بولىدۇ. سۆز ئاخىرى پەتھەلىك كېلىدۇ.

– **لَنْ نَتَوَقَّفَ أَبَدًا إِلاَّ بَعْدَ أَنْ نُحْرِزَ انْتِصَارًا كَامِلاً.**

بىز تولۇق غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزدىن ئىلگىرى ئەسلا توختاپ قالمايمىز .

– **لَمْ تَكُنْ هَذِهِ نِيَّتِي أَبَدًا .** بۇ ھەرگىز مېنىڭ نىيەت قىلغىنىم ئەمەس.

– **لَنْ نَتَرَاجَعَ أَبَدًا مَهْمَا كَانَتِ الظُّرُوفُ.** شارائىت قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز ئەسلا چېكىنمەيمىز.

– **هَذَا لَيْسَ صُدْفَةً أَبَدًا .** بۇ ھەرگىز بىر تاساددىپىيلىق ئەمەس.

– **لاَ يَشْكُو أَبَدًا مَهْمَا كَانَ الْعَمَلُ الْمَوْكُولُ اِلَيْهِ .**

ئۇ ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ئىش نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەرگىز زارلانمايدۇ.

– **هُوَ مَعْرُوفٌ بِالْمَكْرِ والْمَكْرُ صِفَةٌ قَبِيحَةٌ.** ئۇ مەككارلىق بىلەن تونۇلغان، مەككارلىق قەبىھ خاراكتېر.

– **أَبَدًا ، هُوَ ذَكِيٌّ ، أَذْكَى النَّاسِ فِي الْعَالَمِ .** ھەرگىز، ئۇ ئەقىللىق، دۇنيادىكى ئەڭ ئەقىللىق بىر ئىنسان.

## أَب

**أَبٌ** ـ بەش ئىسىم ( **الأَسْمَاءُ الْخَمْسَةُ** ) دىن بىرى، «دادا» دېگەن مەنىدە. ئۇ مۇستەقىل قوللىنىلغاندا، باشقا ئىسىملار بىلەن ئوخشاش، ئاخىردا سوزۇق تاۋۇش بەلگىلىرىنىڭ كېلىشى بىلەن ئۇنىڭ قايسى كېلىشتە كەلگەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ. ئەمما ئۇ باشقا ئىسىملار ياكى ئالماشلار بىلەن ئىزاپەتلىك بىرىكمە ھاسىل قىلىپ، ئىزاپەتلىك بىرىكمىنىڭ بىرىنچى ئەزاسى بولۇپ كەلگىنىدە، ئۇنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا « **اَلْوَاوُ، اَلأَلِفُ، اَلْيَاءُ** » نىڭ كېلىشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، ۋە بۇ ھەرپلەر دەممە، پەتھە، كەسرە ئالامەتلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

– **فِي اْلأُسْرَةِ ثَلاَثَةُ أَفْرَادٍ : أَبٌ، أُمٌّ ، وَوَلَدٌ .** ئائىلىدە ئۈچ كىشى: دادا، ئانا ۋە بىر ئوغۇل بار.

– **اِنَّ اْلأَبَ يَعْمَلُ فِي الْمَصْنَعِ .** دادا زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ.

– **أَبُوهُ أُسْتَاذٌ لِلْفِيزِيَاءِ فِي اِحْدَى الْمَدَارِسِ الثَّانَوِيَّةِ.**

ئۇنىڭ دادىسى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ بىرىدە فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى.

– **يَا أَبَا حَرِيرٍ، سَاعِدْنِي !** ئى ھەرىرنىڭ دادىسى، ماڭا ياردەم قىلىڭ !

– **فُجِعَ حَمْدِي بِوَفَاةِ أَبِيهِ.** ھەمدى دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن قايغۇردى.

( «بەش ئىسىم» نىڭ مۇناسىۋەتلىك قوللىنىشلىرىدىن پايدىلىنىڭ )

**أَبٌ** سۆزى «دادا» مەنىسىنى بىلدۈرگەندىن باشقا، قوللىنىش جەريانىدا ئۇنىڭدىن باشقا بەزى مەنىلەرنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن.

1 ـ مەلۇم نەرسە ياكى مەلۇم بىر ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، « **ذو...** » « **صَاحِبُ ...** » بىلەن مەنىداش ھالدا «... گە ئىگە، ... گە ئىگە بولغان، ...لىق » مەنىلىرىدە كېلىدۇ.

– **سَالِمٌ أَبُو نَظَّارَةٍ .** سالىم كۆزئەينەكلىك (كىشى).

– **عِنْدَ الْبَابِ شَيْخٌ أَبُو لِحْيَةٍ .** ئىشىكتە ساقاللىق ياشانغان بىر كىشى بار.

– اِنَّ أَبَا الْكِرْشِ ثَقِيلُ الْحَرَكَةِ .     باداڭ قورساقنىڭ ھەركىتى ئاستا.
– هُوَ أَبُو الْكَرَمِ ( أى هُوَ كَرِيمٌ ) .     ئۇ سېخىي ئادەم.

2 ـ « أَبٌ » ئىزاپەتلىك بىرىكمىنىڭ بىرىنچى ئەزاسى بولۇپ كېلىپ كىشى ياكى شەيئىنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى بولىدۇ. بۇ خىل ئاتىلىش ئىپادىلىگەن مەنا گەرچە يەنە « ...نىڭ دادىسى » دېگەن مەنىدە بولسىمۇ لېكىن ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي بولمىغان قانداقتۇر بىر دادا دېگەن بولۇپ، پەقەتلا ئىستىلىستىك مەنا ياكى سىمۋوللۇق يۇشۇرۇن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ ئىسمىدا ئالاھىدە لەقەمنى ئىپادىلەيدۇ.

– يُعْجِبُنِي شِعْرُ أَبِي نُوَاسٍ .     ماڭا ئەبۇ نۇۋاسنىڭ شېئىرى ياقىدۇ.
– أَبُو بَكْرٍ الصِّدِّيقُ أَوَّلُ الْخُلَفَاءِ الرَّشِيدِينِ .     ساداقەتمەن ئەبۇ بەكرى تۇنجى توغرا يولدا ماڭغان خەلىپە.
– عَلَيْكَ أَلاَّ تَسْخَرَ مِنْ أَبِي الْقَتَبِ ذَلِكَ .( أَبُو الْقَتَبِ = الأَحْدَبُ )
سەن ئاشۇ دوڭغاقنى مەسخىرە قىلماسلىقىڭ لازىم.
– يَصِيحُ أَبُو الْيَقْظَانِ صَبَاحًا . ( أَبُو الْيَقْظَانِ = اَلدِّيكُ)     خوراز ئەتىگەندە چىللايدۇ.
– اِنَّ أَبَا كَبِيرٍ نَوْعٌ مِنَ الْعَقَاقِيرِ. ( أَبُو كَبِيرٍ = حِلْتِيتٌ)     ھەڭ بىر خىل دورا ئۈسۈملۈكى.
– أَبُو الْوَلِيدِ : أَحْمَدُ  ( « أَحْمَدُ » نىڭ لەقىمى بولىدۇ )
– أَبُو حَمِيدٍ : مُحَمَّدٌ  ( « مُحَمَّدٌ » نىڭ لەقىمى بولىدۇ )
– أَبُو خَلِيلٍ : اِبْرَاهِيمُ ( « اِبْرَاهِيمُ » نىڭ لەقىمى بولىدۇ )
– أَبُو عَلِيٍّ  : حَسَنٌ  ( « حَسَنٌ » نىڭ لەقىمى بولىدۇ )
– أَبُو حَنِفِيٍّ  : مَحْمُودٌ  ( « مَحْمُودٌ » نىڭ لەقىمى بولىدۇ )

3 ـ « أَبٌ » ئىزاپەتلىك بىرىكمىنىڭ بىرىنچى ئەزاسى بولۇپ كېلىپ مەلۇم بىر نەرسىگە ئاساس سالغان ياكى ئۇنى كەشىپ قىلغان كىشىنى بىلدۈرىدۇ.

أَبُو الْفَلْسَفَةِ  پەلسەپە ئاتىسى     أَبُو الدَّوْلَةِ  دۆلەت ئاتىسى
أَبُو الْمَسْرَحِيَّةِ  تىياتىر ئاتىسى     أَبُو قَاطِرَةِ الدِّيزِلِ  ئىچىدىن ياندىغان دىڭگاتىل ئاتىسى

4 ـ أَبٌ قاتارلىق سۆزلەردىن تەركىپ تاپقان « مِنَ اْلأَبِ اِلَى الاِبْنِ » ئىبارىسى « ئاتا – بوۋىسىدىن تارتىپ، ئەۋلادمۇ- ئەۋلات » دېگەن مەنىدە جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ :

– كَانَتِ الرُّتْبَةُ النَّبِيلَةُ يُمْكِنُ تَخْلِيفُهَا مِنَ اْلأَبِ اِلَى اْلاِبْنِ. ئېسىل مەرتىۋە ئەۋلادمۇ-ئەۋلات قالدۇرۇلالايدىغان بولدى.
– هَكَذَا تُورِثُ الْحِرْفَةُ مِنَ اْلأَبِ اِلَى اْلاِبْنِ.  ھېلىقى ھۈنەر دادىدىن بالىغا مانا مۇشۇنداق مىراس بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

5 ـ « أَبٌ » قاتارلىق سۆزلەردىن ئىپادىلەنگەن « أَبًا عَنْ جَدٍّ » ئىبارىسى « ئاتا – بوۋىلىرىدىن تارتىپ، ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا » دېگەن مەنىدە، جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ.

– اِنَّهُمْ يَسْكُنُونَ فِي هَذِهِ الْبُقْعَةِ مِنَ اْلأَرْضِ أَبًا عَنْ جَدٍّ.
ئۇلار بۇ بىر پارچە زېمىندا ئاتا- بوۋىلىرىدىن تارتىپ تۇرۇۋاتىدۇ.
– تُزَاوِلُ هَذِهِ الْعَائِلَةُ الْخِيَاطَةَ أَبًا عَنْ جَدٍّ.  بۇ ئائىلە ئەۋلاتمۇ ئەۋلات تىككۈچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

إِثْر

« إِثْر » ـ بىر ئىسىم بولۇپ، بَعْد بىلەن مەنىداش: « ...دىن كېيىن، ...كەينىدە، ... ئارقىسىدا »

دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئۇ يەنە بىر ئىسىم بىلەن ئىزاپەتلىك بىرىكمىنىڭ بىرىنچى ئەزاسى بولۇپ كېلىپ، جۈملىدە ۋاقىت ـ ئورۇن رەۋىشى بولىدۇ، چۈشۈم كېلىشتە كېلىدۇ. **إِثْر** نىڭ ئالدىدا ئالدى قوشۇلغۇچى « **فِي** » ياكى « **عَلَى** » كېلەلەيدۇ، ئالدى قوشۇلغۇچىنى قوبۇل قىلغۇچى بولۇپ ئىگىلىك كېلىشتە كېلىدۇ.

– **إِيْتِ اِلَيَّ إِثْرَ الِاجْتِمَاعِ.** يىغىندىن كېيىن مېنىڭ يېنىمغا كەل.

– **أُشَاهِدُ التِّلْفِيزِيُونَ إِثْرَ الْعِشَاءِ .** مەن كەچكى تاماقتىن كېيىن تېلېۋىزور كۆرىمەن.

– **قَطَعْنَا سِتَّةَ كِيلُومِتْرَاتٍ عَلَى إِثْرِ خَمْسِ سَاعَاتٍ.** بىز بەش سائەتتىن كېيىن ئالتە كىلومېتر يول باستۇق.

– **يَتَجَاذَبُونَ أَطْرَافَ الْحَدِيثِ عَلَى إِثْرِ مُذَاكَرَةِ الدُّرُوسِ.**
ئۇلار دەرسلەرنى مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن ئۆزئارا پاراڭلىشىۋاتىدۇ.

– **أَصْبَحَتِ الْبَلْدَةُ الصَّغِيرَةُ مَحْبُوبَةً اِلَيَّ فِي إِثْرِ إِقَامَتِي فِيهَا سَنَتَيْنِ.**
بۇ كىچىك شەھەردە ئىككى يىل تۇرغىنىمدىن كېيىن ئۇ ماڭا نىسبەتەن سۆيۈملۈك بولۇپ قالدى.

– **رَكَضَ الْوَلَدُ فَرَكَضَتْ أُمُّهُ فِي إِثْرِهِ.** بالا يۈگۈردى ـ دە، ئۇنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى.

**أَثَر**

**أَثَرٌ** ـ ئىسىم، ئۇ ئادەتتىكى بىر ئىسىم رولىدا، جۈملە تەركىبىدە ھەر خىل بۆلەك بولۇپ، «ئىز، ئەسەر، تەسىر، ئالامەت، يادىكارلىق» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

– **فِي هَذِهِ الْمَدِينَةِ أَثَرٌ تَارِيخِيٌّ .** **(اَلْمُبْتَدَأُ)** بۇ شەھەردە بىر تارىخىي يادىكارلىق بار.

– **تَرَكَ الْمُتَنَبِّي أَثَرًا خَالِدًا .** **(اَلْمَفْعُولُ بِهِ)** مۇتەنەببى ئۆچمەس تەسىر قالدۇردى.

– **لَمْ نَجِدْ فِي هَذِهِ الصَّحْرَاءِ أَثَرَ الْقَافِلَةِ .** **(اَلْمَفْعُولُ بِهِ)** بىز بۇ چۆلدە تۆگە كارۋىنى ئىزىنى ئۇچراتمىدۇق.

**أَثَرٌ** – « **إِثْرٌ** » بىلەن مەنىداش ھالدا « ... دىن كېيىن، ... ئارقىسىدىن » دېگەن مەنىدە كېلىشى مۇمكىن، يەنە « ... غان ھامان، شۇئان» دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن. ئۇ كۆپىنچە ئالدى قوشۇلغۇچى « **عَلَى** » بىلەن قوللىنىلىدۇ. بەزىدە ئالدى قوشۇلغۇچى « **فِي** » بىلەنمۇ كېلىدۇ. ئادەتتە بىۋاستە ۋاقىت ـ ئورۇن رەۋىشى بولالمايدۇ. ( ئالدى قوشۇلغۇچىنىڭ ۋاستىسى بىلەن بولىدۇ) .

– **رَكَضَ الْوَلَدُ فَرَكَضَتْ أُمُّهُ عَلَى أَثَرِهِ .** **(ظَرْفُ الْمَكَانِ)**
بالا يۈگۈردى ـ دە ئانىسى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرىدى.

– **عَلَيْكَ أَنْ تَذْهَبَ اِلَيْهِ عَلَى أَثَرِ الِاجْتِمَاعِ.** **( ظَرْفُ الزَّمَانِ)**
سەن ئۇنىڭ يېنىغا يىغىندىن كېيىن بېرىشىڭ لازىم.

– **قَامَ الْمُوَظَّفُ عَلَى أَثَرِ دُخُولِ الْمُدِيرِ .** **( ظَرْفُ الزَّمَانِ)**
خىزمەتچى مۇدىر كىرگەن ھامان ئورنىدىن تۇردى.

– **يَلْعَبُ الْأَطْفَالُ فِي الْخَارِجِ فِي أَثَرِ نُزُولِ الثَّلْجِ .** **( ظَرْفُ الزَّمَانِ)** باللار قار ياققاندىن كېيىن سىرتتا ئوينايدۇ.

« **أَثَرٌ** » سۆزى « **مِنْ** » بىلەن « **مِنْ أَثَرِهِ** » شەكلىدە « **بِسَبَبِهِ** » ياكى « **نَتِيجَةً لَهُ** » بىلەن مەنىداش ھالدا «سەۋەبىدىن، ... لىقتىن » دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

– **تُوُفِّيَ مِنْ أَثَرِ الْجُرْحِ الَّذِي أُصِيبَ بِهِ .** ئۇ ئۆزىگە يەتكەن جاراھەت سەۋەبىدىن ۋاپات بولدى.

www.uyghurkitap.com

## أَجَلْ

أَجَلْ ـ جاۋاپ قوشۇمچىسى، ئۇنىڭ گىراماتىكىلىق ئورنى يوق، ئۇ «شۇنداق، ھەئە، بولىدۇ» دېگەن مەنىدە نَعَمْ بىلەن تامامەن ئوخشاش قوللىنىلىدۇ. ئۇ ئالدىدىكى بايان جۈملە ياكى سوئال جۈملىگە نىسبەتەن بولۇشلۇق ياكى بولۇشسىز مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئادەتتىكىچە ئېيتقاندا سوئال جۈملىدىن كېيىن نَعَمْ نىڭ قوللىنىلىشى أَجَلْ دىن ياخشىراق. بولۇشلۇق بايان جۈملىدە أَجَلْ نىڭ قوللىنىلىشى نَعَمْ دىن ياخشىراق. لېكىن ئەمەلىيەتتە نَعَمْ كۆپراق قوللىنىلىدۇ. أَجَلْ ئازراق قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭ قوللىنىلىشى ۋە مەنىسىنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ سوئالنىڭ جاۋابى بولۇپ كېلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئىبارە بولۇشسىز جۈملە بولسا، بولۇشسىز مەنا تۇسىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر بولۇشلۇق بولسا، ئۇ بولۇشلۇق مەنا تۇسىنى بىلدۈرىدۇ.

– أَلَمْ تَذْهَبْ ؟ سەن بارمىدىڭمۇ ؟ أَجَلْ . ( أَىْ أَجَلْ، لَمْ أَذْهَبْ ) شۇنداق. ( شۇنداق، بارمىدىم )

– أَلَيْسَ هَذَا الْعَمَلُ عَسِيرًا عَلَيْكَ ؟ بۇ خىزمەت ساڭا نىسبەتەن تەس ئەمەستۇ؟

أَجَلْ . ( أَىْ أَجَلْ، لَيْسَ هَذَا الْعَمَلُ عَسِيرًا عَلَىَّ ) شۇنداق، ( شۇنداق، بۇ خىزمەت ماڭا نىسبەتەن تەس ئەمەس )

– أَسَافَرَ مُحَمَّدٌ ؟ مۇھەممەد سەپەرگە چىقتىمۇ ؟

أَجَلْ. ( أَىْ أَجَلْ، سَافَرَ مُحَمَّدٌ ) شۇنداق. ( شۇنداق، مۇھەممەد سەپەرگە چىقتى )

– هَلْ أَنْتَ مُجِدٌّ؟ سەن تىرىشچانمۇ؟ أَجَلْ . ( أَىْ أَجَلْ، أَنَا مُجِدٌّ ) شۇنداق. ( شۇنداق، مەن تىرىشچان)

2 ـ بايان جۈملىدىن كېيىن بايان جۈملىنىڭ مەزمۇنىنىڭ رىياللىقىنى دەلىللەپ كېلىدۇ.

– نَجَحَ زَيْدٌ. زەيت مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ـ أَجَلْ. شۇنداق.

– لَيْسَ عِنْدَهُ قُدْرَةٌ عَلَى اِتْمَامِ هَذَا الْعَمَلِ . ئۇنىڭدا بۇ خىزمەتنى پۈتتۈرۈش ئىقتىدارى يوق. ـ أَجَلْ. شۇنداق.

3 ـ ئۈمىد ـ تەلەپ جۈملىسىدىن كېيىن، ئۈمىد ـ تەلەپنىڭ جاۋابىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ.

– سَاعِدْنِى! سەن ماڭا ياردەم بەر. ـ أَجَلْ. بولىدۇ.

– لاَ تَقِفْ! توختاپ قالماڭ. ـ أَجَلْ. بولىدۇ.

## أَجْل

أَجْل ـ سەۋەب – مەقسەتنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ، ئۇ مۇستەقىل قوللىنىلماستىن، باشقا بىر ئىسىم بىلەن ئىزاپەتلىك بىرىكمە ھاسىل قىلىپ، ئىزاپەتلىك بىرىكمىنىڭ بىرىنچى ئەزاسى بولۇپ پەتھەلىك كېلىدۇ. ياكى ئۇنىڭ ئالدىغا ئالد قوشۇلغۇچى اَللاَّمُ ياكى « مِنْ » قوشۇلۇپ ئالدى قوشۇلغۇچىلىق بىرىكمە ھاسىل قىلىدۇ. جۈملە تەركىبىدە « ...ئۈچۈن» دېگەن مەنىدە سەۋەب – مەقسەت تولدۇرغۇچىسى بولىدۇ.

– أَفْعَلُ ذَلِكَ أَجْلَكَ . مەن سەن ئۈچۈن ئاشۇنداق قىلىمەن.

– مِنْ أَجْلِ اِتْقَانِ الْعَرَبِيَّةِ نَجْتَهِدُ فِى الدِّرَاسَةِ. ( اَلْمَفْعُولُ لَهُ) .

بىز ئەرەب تىلىنى پىششىق بىلىش ئۈچۈن، ئۆگىنىشتە تىرىشىمىز.

– يُنَاضِلُونَ مِنْ أَجْلِ حِمَايَةِ الْوَطَنِ. ( اَلْمَفْعُولُ لَهُ) ئۇلار ۋەتەننى قوغداش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىۋاتىدۇ.

– عَلَيْنَا أَنْ نَسْتَعِدَّ اِسْتِعْدَادًا جَيِّدًا لِأَجْلِ اِتْمَامِ الْعَمَلِ بِخَيْرِ وَجْهٍ.

بىز خىزمەتنى ئەڭ ياخشى ھالدا تاماملاش ئۈچۈن ياخشى تەييارلىنىشىمىز لازىم.

– **أَسْرَعَ الْجُنُودُ إِلَى مِنْطَقَةِ الْفَيْضَانِ لِأَجْلِ إِغَاثَةِ الْمَنْكُوبِينَ.**
جەڭچىلەر ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تاشقىن رايونىغا تېز ماڭدى.
**أَجْل** بىلەن ئىپادىلەنگەن ئىزاپەتلىك بىرىكمىنىڭ ئىككىنچى ئەزاسى ئىسىم بولغاندىن باشقا، يەنە مەستەر قوشۇمچىسى بىلەن باشلانغان قىياسى مەستەرمۇ بولىدۇ:
– **نَقْرَأُ الصُّحُفَ دَائِمًا مِنْ أَجْلِ أَنْ نَعْرِفَ مَا يَدُورُ فِي الْعَالَمِ.**
بىز دۇنيادا بولۇۋاتقان ئىشلارنى بىلىشىمىز ئۈچۈن دائىم گېزىتلەرنى ئوقۇيمىز.
– **اِتَّخَذَتِ الْحُكُومَةُ التَّدَابِيرَ الْفَعَّالِيَّةَ مِنْ أَجْلِ أَنْ تَزْدَهِرَ الْأَسْوَاقُ.**
ھۆكۈمەت بازارلارنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللاندى.
ھازىر، كىشىلەر كۆپىنچە **أَجْل** دىن كېيىن **خَاطِر** (نىيەت ،ھۆرمەت،يۈز ـ خاتىر ) سۆزىنى قوشۇپ مەنا تۈسىنى كۈچەيتىدۇ.
1 ـ « **لِأَجْلِ خَاطِرِ فُلَانٍ** » مەنىسى: « ... نىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن، ... نىڭ يۈز خاتىرىسىنى قىلىپ »
– **أَغْفِرُ لَكَ هَذِهِ الْمَرَّةَ لِأَجْلِ خَاطِرِ أَبِيكَ.** مەن داداڭنىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن بۇ قېتىم سېنى كەچۈرىمەن.
– **أَرْجُوكَ، أَرْجُو أَنْ تَتْرُكَهُ لِأَجْلِ خَاطِرِي.**
ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنىڭ يۈز خاتىرەم ئۈچۈن ئۇنى مەيلىگە قويۇۋېتىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.
2 ـ « **لِأَجْلِ خَاطِرِ كَذَا** » مەنىسى: « ... سەۋەبىدىن، ... مەقسىتىدە» .
– **رَاجَعْنَا نَصَّ الْمَقَالَةِ الْمَنْقُولَةِ لِأَجْلِ خَاطِرِ دِقَّةٍ وَحَذَرٍ.**
بىز كۆچۈرۈلگەن ماقالىنىڭ تېكىستىنى توغرىلىق ۋە ئېھتىيات سەۋەبىدىن سېلىشتۇردۇق.
– **لَقَدْ طَوَّلَتِ الْمَكْتَبَةُ مُدَّةَ فَتْحِ بَابِهَا لِأَجْلِ خَاطِرِ تَسْهِيلِ الْقُرَّاءِ.**
كۇتۇپخانا ئوقۇرمەنلەرگە ئاسانلىق يارىتىش مەقسىتىدە ئېچىش ۋاقتىنى ئۇزارتتى.

## آجِلاً أَوْ عَاجِلاً

**آجِلاً** ۋاقىت رەۋىشى ئورنىدا كېلىدىغان سۆز ( **نَائِبُ ظَرْفِ الزَّمَانِ** ) بولۇپ، «كېيىن، ئاخىرى» دېگەن مەنىدە مۇستەقىلمۇ قوللىنىلىدۇ، يەنە كۆپىنچە **عَاجِلاً** بىلەن باغلىنىپ « ھامان بىر كۈنى، بەرىبىر، ئاخىر » دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. **آجِل** يەنە ئادەتتىكى بىر ئىسىم رولىدا جۈملىدە ھەرخىل بۆلەك بولىدۇ.
– **سَأُكَافِئُكَ آجِلا .** مەن سېنى كېيىن مۇكاپاتلايمەن. (ۋاقىت رەۋىشى)
– **سَيَسْقُطُ الْمُتَآمِرُونَ آجِلاً أَوْ عَاجِلاً.** سۇيىقەستچىلەر ھامان بىر كۈنى غۇلاپ چۈشىدۇ. (ۋاقىت رەۋىشى)
– **لاَ تَقْلَقْ فَالْحَقِيقَةُ سَتَظْهَرُ آجِلاً أَوْ عَاجِلاً.**
ئەنسىرىمە، ھەقىقەت ھامان بىر كۈنى ئاشكارلىنىدۇ. (ۋاقىت رەۋىشى)
– **اَلْآجِلُ خَيْرٌ مِنَ الْعَاجِلِ.** ئالدىرىمىغۇچى ئالدىراڭغۇچىدىن ياخشىراق. (مۇبتەدا)
– **طَلَبَ قَاسِمٌ اْلآجِلَ وَتَرَكَ الْعَاجِلَ .**
قاسىم ئالدىرىماسلىقنى تەلەپ قىلدى، ئالدىراڭغۇلۇقنى تاشلىدى. (تولدۇرغۇچى)

## أَحَد (إِحْدَى)

**أَحَدٌ م إِحْدَى** ـ ساناق سان بولۇپ، «بىر» دېگەن مەنىدە. ئۇنىڭ قوللىنىلىشى مۇھىمى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ مۇستەقىل قوللىنىلغاندا أَحَدٌ كۆپىنچە بولۇشسىز جۈملە ۋە سوئال جۈملىلەردە كېلىدۇ. إِحْدَى مۇستەقىل قوللىنىلمايدۇ. أَحَدٌ نىڭ جۈملىدىكى گىراماتىكىلىق ئورنى ئۇنىڭ جۈملىدە قانداق بۆلەك بولۇپ كەلگەنلىكى ئاساسىدا بېكىتىلىدۇ.

– لَمْ تُصَادِفْ أَحَدًا هَذِهِ الْمُشْكِلَةُ . بىر كىشىگە بۇ مەسىلە يولۇقمىدى. (تولدۇرغۇچى)

– لاَ أَحَدَ أَعْرِفُهُ . مەن ھېچقانداق بىر كىشىنى تونۇمايمەن. (جىنسىي ئۇقۇمنى ئىنكار قىلغۇچى «لاَ» نىڭ ئىسمى)

– هَلْ عَرَفَ أَحَدٌ هَذَا الْأَمْرَ ؟ بۇ ئىشنى بىر كىشى بىلدىمۇ؟ (پائىل)

2 ـ ئىككىلىك ساندىكى ئىسىم ياكى كۆپلۈك ساندىكى ئىسىم بىلەن ئىزاپەتلىك بىرىكمە ھاسىل قىلىپ «ئىككى... دىن بىرى» «...لاردىن بىرى» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ، يەنە ھەر خىل جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ. ئادەتتە أَحَد م إِحْدَى ئىزاپەتلىك بىرىكمىنىڭ ئىككىنچى ئەزاسى ( بىرلىك سانى ) بىلەن جىنسىي تۈر جەھەتتە بىردەك كېلىدۇ. ئەگەر ئۇلار جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كەلسە، ئىزاپەتلىك بىرىكمىنىڭ ئىككىنچى ئەزاسى بىلەن ماسلىشىپ، مۇبتەدانىڭ جىنسىي تۈرى بىلەن ئوخشاشماي كېلىدۇ. بەزىدە أَحَدٌ ياكى إِحْدَى نىڭ قايسىسى قوللىنىلسىمۇ بولىدۇ.

– أُوصِلَ الْمَرِيضُ إِلَى أَحَدِ الْمُسْتَشْفَيَاتِ . كېسەل دوختۇرخانىلارنىڭ بىرىگە ئېلىپ بېرىلدى.

– اِشْتَرَكْتُ فِي إِحْدَى الْمَجَلاَّتِ. مەن ژۇرناللارنىڭ بىرىگە مۇشتەرى بولدۇم.

– جُرِحَ أَحَدُ الْجُنْدِيَّيْنِ . ئىككى جەڭچىنىڭ بىرى جاراھەتلەندى.

– حَضَرَتْ إِحْدَى الْفَتَيَاتِ الثَّلاَثِ . ھېلىقى ئۈچ قىزدىن بىرى كەلدى.

– اَلْكِتَابَةُ إِحْدَى اللِّسَانَيْنِ. ( أَوْ أَحَدُ اللِّسَانَيْنِ) يېزىق ئىككى خىل تىلنىڭ بىرى.

3 ـ «ئون» بىلەن بىرىككەن سۆز ھاسىل قىلىپ«ئون بىر» دېگەننى ئىپادىلەيدۇ، سۆز ئاخىرى پەتھەگە قاتقان بولىدۇ.

– لِي أَحَدَ عَشَرَ كِتَابًا . مەندە ئون بىر كىتاب بار. ( مۇبتەدا )

– دَرَسْنَا إِحْدَى عَشْرَةَ جُمْلَةً . بىز ئون بىر جۈملە ئۆگەندۇق. ( تولدۇرغۇچى )

– اِسْتَمَعْتُ إِلَى أَحَدَ عَشَرَ خَبَرًا. مەن ئون بىر خەۋەر ئاڭلىدىم. ( ئالدى قوشۇلغۇچىنى قوبۇل قىلغۇچى)

4 ـ ئېنىقلىق ئالامىتى بىلەن مۇستەقىل قوللىنىلغاندا « يَوْمُ الْأَحَدِ » بىلەن مەنىداش ھالدا «يەكشەنبە» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئۇنىڭ جۈملىدە قانداق بۆلەك بولۇپ كەلگەنلىكىگە قاراپ ئۇنىڭ گىراماتىلىق ئورنى ئېنىقلىنىدۇ.

– اَلأَحَدُ يَوْمُ الرَّاحَةِ. يەكشەنبە دەم ئېلىش كۈنى. ( مۇبتەدا)

– سَأَزُورُكَ فِي الْأَحَدِ . مەن سىنى يەكشەنبە كۈنى يوقلايمەن. ( ئالدى قوشۇلغۇچىنى قوبۇل قىلغۇچى)

– قَضَيْنَا الْأَحَدَ مَسْرُورِينَ . بىز يەكشەنبىنى خوشال ئۆتكۈزدۇق. ( تولدۇرغۇچى)

– نَجْتَمِعُ الْأَحَدَ . بىز يەكشەنبە كۈنى يىغىلىمىز. ( ۋاقىت رەۋىشى)

5 ـ ئۆزىنىڭ كۆپلۈك سانى بىلەن ئىزاپەتلىك بىرىكمە ھاسىل قىلىپ «لاَ مَثِيلَ لَهُ» بىلەن مەنىداش ھالدا « مىسلىسىز، تەڭداشسىز، ئالدىنقى قاتاردىكىلەردىن بىرى، بىردىن بىرى، كۆزگە كۆرۈنگىنى »

دېگەن مەنىلەردە ئىسمىلىق جۈملىنىڭ خەۋىرى قاتارلىق بۆلەك بولۇپ كېلىدۇ.

– بَاسِلٌ أَحَدُ ٱلْأَحَدِينَ . باسىل ئالدىنقى قاتاردىكىلەرنىڭ بىرى.

– شَادِيَةُ اِحْدَى ٱلاِحَدِ . شادىيە كۆزگە كۆرۈنگەن بىرى.

أَحَدَ عَشَرَ( إِحْدَى عَشْرَةَ )

« أَحَدَ عَشَرَ » مۇرەككەپ سان ( اَلْعَدَدُ الْمُرَكَّبُ ) بولۇپ، «ئون بىر» دېگەن مەنىدە، ئۇنىڭ ئاياللىق جىنسىي تۈر شەكلى « إِحْدَى عَشْرَةَ ». بۇ مۇرەككەپ ساننىڭ بىرلىك ۋە ئونلۇقنىڭ ئاخىرى پەتھەگە قاتقان. شۇڭا جۈملىدىكى ئورنىنىڭ باش كېلىش، چۈشۈم كېلىش، ياكى ئىگىلىك كېلىشتە بولۇشىغا قارىماستىن، پەتھەلىك كېلىدۇ.

– كَتَبْتُ أَحَدَ عَشَرَ سَطْرًا . مەن ئون بىر قۇر خەت يازدىم. ( تولدۇرغۇچى)

– كَتَبَ نَبِيهٌ اِحْدَى عَشْرَةَ صَفْحَةً . نەبىھ ئون بىر بەت خەت يازدى. ( تولدۇرغۇچى)

– فِي الْحَدِيقَةِ اِحْدَى عَشْرَةَ زَهْرَةً . باغچىدا ئون بىر گۈل بار. ( مۇبتىدا)

– فِي الْمِقْلَمَةِ أَحَدَ عَشَرَ قَلَمًا . قەلەمداندا ئون بىر قەلەم بار. ( مۇبتىدا)

– يَنْظُرُ أَمِينٌ اِلَى أَحَدَ عَشَرَ طَائِرًا عَلَى الشَّجَرَةِ .

ئەمىن دەرەختىكى ئون بىر قۇشقاچقا قاراۋاتىدۇ. ( ئالدى قوشۇلغۇچىنى قوبۇل قىلغۇچى)

– كَوِّنْ جُمَلاً بِكُلٍّ مِنَ ٱلاِحْدَى عَشْرَةَ كَلِمَةً التَّالِيَةِ. تۆۋەندىكى ئون بىر سۆزنىڭ ھەربىرى بىلەن جۈملە تۈزۈڭ.

«أَحَدَ عَشَرَ» نىڭ قوللىنىلىشى توغرىسىدا «سانلار ۋە مۇرەككەپ سانلار» توغرىسىدىكى مەزمۇنلارغا قاراڭ.

أُحَادَ

« أُحَادَ » تۈلۈقسىز تۈرلىنىدىغان ئىسىم ( اَلاِسْمُ غَيْرُ الْمُنْصَرِفِ ) مۇستەقىل قوللىنىلىدۇ. « وَاحِدًا وَاحِدًا » بىلەن مەنىداش ھالدا « بىردىن ـ بىردىن » دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. تەكرارلىنىپ « أُحَادَ أُحَادَ » شەكلىدە « وَاحِدًا بَعْدَ وَاحِدٍ » بىلەن مەنىداش ھالدا « بىر ـبىرلەپ » دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ. جۈملە تەركىبىدە ھالەت بولىدۇ.

– جَاءَ الطُّلاَّبُ أُحَادَ. ئوقۇغۇچىلار بىردىن ـ بىردىن كەلدى.

– دَخَلَ الطُّلاَّبُ حُجْرَةَ الدَّرْسِ أُحَادَ أُحَادَ . ئوقۇغۇچىلار دەرىسخانىغا بىر ـ بىرلەپ كىردى.

– ذَلَّلْنَا الصُّعُوبَاتِ أُحَادَ أُحَادَ . بىز قىيىنچىلىقلارنى بىر ـ بىرلەپ يەڭدۇق.

ساندىن كېلىپ چىققان « فُعَالُ » ۋەزنىدىكى ئىسىملاردىن « أُحَادُ » دىن باشقا يەنە « ثُنَاءُ، ثُلاَثُ، رُبَاعُ، خُمَاسُ، سُدَاسُ، سُبَاعُ، ثُمَانُ، تُسَاعُ، عُشَارُ » لار بار. ئۇلار جۈملە تەركىبىدە كۆپىنچە ھالەت بولىدۇ. «مانچىدىن ـ مانچىدىن، مانچە ـ مانچىلاپ» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

– اِصْطَفَّ التَّلاَمِيذُ صَفًّا ثُنَاءَ ثُنَاءَ . ئوقۇغۇچىلار ئىككىدىن ـ ئىككىدىن قاتار بولۇپ تىزىلدى.

– يَلْتَفُّ الْقَوْمُ عُشَارَ. كىشىلەر ئوندىن ـ ئوندىن توپ بولۇشۋاتىدۇ.

**(نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىسمائىل قادىر ھاجىم)**

www.uyghurkitap.com

# ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 11 ـ ئايلىق ناماز ۋاقىتلىرى

| نويابىر (11 ـ ئاي) | | بامدات | كۈن چىقىش | پىشىن | ئەسر | شام | خۇپتەن |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | شەنبە | 5:14 | 6:44 | 12:30 | 2:37 | 5:04 | 6:02 |
| 2 | يەكشەنبە | 5:16 | 6:46 | 12:30 | 2:35 | 5:02 | 6:00 |
| 3 | دۈشەنبە | 5:17 | 6:47 | 12:30 | 2:34 | 5:01 | 5:59 |
| 4 | سەيشەنبە | 5:18 | 6:48 | 12:30 | 2:33 | 5:00 | 5:58 |
| 5 | چارشەنبە | 5:19 | 6:50 | 12:30 | 2:32 | 4:58 | 5:56 |
| 6 | پەيشەنبە | 5:20 | 6:51 | 12:30 | 2:31 | 4:57 | 5:55 |
| 7 | جۈمە | 5:21 | 6:52 | 12:30 | 2:30 | 4:56 | 5:54 |
| 8 | شەنبە | 5:23 | 6:54 | 12:30 | 2:29 | 4:55 | 5:53 |
| 9 | يەكشەنبە | 5:24 | 6:55 | 12:30 | 2:28 | 4:54 | 5:52 |
| 10 | دۈشەنبە | 5:25 | 6:56 | 12:30 | 2:28 | 4:52 | 5:50 |
| 11 | سەيشەنبە | 5:26 | 6:57 | 12:30 | 2:27 | 4:51 | 5:49 |
| 12 | چارشەنبە | 5:27 | 6:59 | 12:30 | 2:26 | 4:50 | 5:48 |
| 13 | پەيشەنبە | 5:28 | 7:00 | 12:30 | 2:25 | 4:49 | 5:47 |
| 14 | جۈمە | 5:29 | 7:01 | 12:30 | 2:24 | 4:48 | 5:46 |
| 15 | شەنبە | 5:30 | 7:03 | 12:30 | 2:23 | 4:47 | 5:45 |
| 16 | يەكشەنبە | 5:31 | 7:04 | 12:30 | 2:23 | 4:46 | 5:44 |
| 17 | دۈشەنبە | 5:33 | 7:05 | 12:30 | 2:22 | 4:45 | 5:43 |
| 18 | سەيشەنبە | 5:34 | 7:07 | 12:30 | 2:21 | 4:44 | 5:42 |
| 19 | چارشەنبە | 5:35 | 7:08 | 12:30 | 2:21 | 4:44 | 5:42 |
| 20 | پەيشەنبە | 5:36 | 7:09 | 12:30 | 2:20 | 4:43 | 5:41 |
| 21 | جۈمە | 5:37 | 7:10 | 12:30 | 2:19 | 4:42 | 5:40 |
| 22 | شەنبە | 5:38 | 7:12 | 12:30 | 2:19 | 4:41 | 5:39 |
| 23 | يەكشەنبە | 5:39 | 7:13 | 12:30 | 2:18 | 4:41 | 5:39 |
| 24 | دۈشەنبە | 5:40 | 7:14 | 12:30 | 2:18 | 4:40 | 5:38 |
| 25 | سەيشەنبە | 5:41 | 7:15 | 12:30 | 2:17 | 4:39 | 5:37 |
| 26 | چارشەنبە | 5:42 | 7:17 | 12:30 | 2:17 | 4:39 | 5:37 |
| 27 | پەيشەنبە | 5:43 | 7:18 | 12:30 | 2:17 | 4:38 | 5:36 |
| 28 | جۈمە | 5:44 | 7:19 | 12:30 | 2:16 | 4:38 | 5:36 |
| 29 | شەنبە | 5:45 | 7:20 | 12:30 | 2:16 | 4:37 | 5:35 |
| 30 | يەكشەنبە | 5:46 | 7:21 | 12:30 | 2:16 | 4:37 | 5:35 |

**ئەسكەرتىش:** مەزكۇر جەدۋەلدىكى ۋاقىت ئۈرۈمچى ۋاقتى بولۇپ، ئەزان ئوقۇلىدىغان ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ.